ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
-تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

1977
ژىل
يانۋار
№2 (4)

باھاسى
2 تىيىن

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمىيىتى قازاقستان شۆبىسىنىڭ گېزىتى

# ئاشلىق - ئەل بايلىغى

قازاقلار، شۇنداقلا قازاقستاندا ياشاۋاتقان رۇس، ئۇكرائىن، ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىمۇ دېھقانچىلىق قىلىپ كەلگەن. بىراق ئۇ چاغلاردىكى ۋە ھازىرقى دېھقانچىلىق ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرىق بار.

ئوتمۇشتە ئۆلكىمىزدە ئاشلىق تېرىلىدىغان يەرنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 4 مىللىون گېكتارغا، ئېلىنىدىغان ھوسۇل بولسا 100 مىللىون پۇتقا ئارانلا يېتىپ باراتتى خالاس. دېھقانلار يەر ھايداش، ئاشلىق تېرىش ئىشلىرىنى ئۆكۈز، ئات، تۆگە، ياغاچ ساپانلار ياردىمى بىلەن ئېلىپ باراتتى، ئاشلىق ئوغاق بىلەن ئورۇلۇپ، تۇلۇق تاشلار بىلەن تېپىلەتتى. قىسقىسى، دېھقانچىلىقنىڭ جاپاسى كۆپ، بېرىكىتى ئاز بولاتتى.

بۈگۈنكى كۈندە بولسا قازاقستاندا يېزا ئېگىلىگى، جۈملىدىن دېھقانچىلىق، ئەجايىپ تەرەققىي قىلماقتا. جۇمھۇرىيىتىمىز مىللىي دارامەتىنىڭ 27 پروتسېنتىنى يېزا ئېگىلىگىدىن ئالىدۇ. ئەسىرلەر بويى قاغجىراپ ياتقان تىڭ يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، تېرىلغۇ مەيدانلىرى ھەسسىلەپ كۆپەيدى. قازاقستان ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى ئاشلىق كانلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

ئورۇقلۇق، يەم ۋە باشقا ئېھتىياجلارغا ئاجرىتىلغان ئاشلىقنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئۆتكەن ژىلى سوۋخوزلىرىمىز ۋە كولخوزلىرىمىز دۆلەتكە بىر مىلىارد 195 مىللىون پۇت ئاشلىق سېتىپ، ئەل رىزۋۇتىنى مەمنۇن قىلدى.

ھازىر قازاقستاندا ئىككى مىڭغا يېقىن سوۋخوز ۋە كولخوز بار. ھەر بىر ئېگىلىككە ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 95 تراكتور، 53 كومباين، 44 ئاۋتوماشىنا توغرا كېلىدۇ. باشقا تېخنىكىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى ۋاقىتتا يەر ھايداشتىن تارتىپ، ئاشلىقنى ئورۇپ ئېلىش، تازىلاش، ساڭلارغا قويۇۋېلىشقا قەدەر ھەممە ئىشلار تېخنىكا كۈچى بىلەن بەجىرىلىدۇ. يېزا ئېگىلىك ئېلېكتر قۇۋۋىتى بىلەنمۇ تولۇق تەمىنلەنگەن. موشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېزىلاردا تېخنىكا تىلىنى تولۇق بىلىدىغان ئاگرونوم، ئىنژېنېر، مېخانىزاتور كەبى مىللىي كادرلار ئۆسۈپ يېتىلدى.

يېزا، قىشلاقلارنىڭ قىياپىتى تونۇغۇسىز ئۆزگىرىپ كەتتى. قازاق داللىسىدا زامانتەلۆگە ماسلاشتۇرۇپ سېلىنغان، ئېلېكتر، گاز، رادىولار بىلەن جابدۇلغان، ياشاش ئۈچۈن ئەپلىك تۇرۇشلۇق ئۆيلەرگە، مەكتەپ، كلۇب، مەدەنىيەت سارايلىرىغا ئىگە بولغان شەھەر قىياپىتىدىكى يېزىلار قەد كۆتەردى.

بىراق بىز بۇ ئۇتۇقلىرىمىزغا قانائەتلىنىپ قالمايمىز. پارتىيەمىز بىلەن ھۆكۈمىتىمىز خەلقنى پارلاق ئىستىقبالغا، ئىختىساتنى ۋە مەدەنىيەتنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈشكە دەۋەت قىلماقتا. يېقىندا پارتىيەمىز دېھقانلارغا، سانائەت خادىملىرىغا مەكتۇپ يوللاپ، يېزا ئېگىلىگىنى تېخىمۇ تەرەققىي ئەتتۈرۈشكە چاقىردى. بۇ چاقىرىق قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەنمەكتە.

قازاقلاردا «نېمىنى تەرسەڭ، شۇنى ئورىسەن» دېگەن ئەجايىپ بىر تەمسىل بار. دېمەك ئورۇق سۈپەتلىك بولسا، ئاشلىقمۇ ھوسۇللۇق بولىدۇ. شۇڭلاشقا قىش پەسلىدە ئورۇقنى تازىلاپ، خىللاش ئىشلىرى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەرلەردە قار توختىتىش، ئوغۇت توشۇش، تېخنىكىنى رېمونتلاش دېھقانلارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئىشلار باي ھوسۇل ئېلىشقا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ژىل سوۋېت خەلقى ئۇلۇق ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئاتمىش ژىللىغىنى نىشانلايدۇ. بۈيۈك مەيرەمنى مۇناسىپ كۈتۈپ ئېلىشنى قازاقستان دېھقانلىرى ۋەتەن ئالدىدىكى مۇقەددەس بورچىمىز دەپ بىلمەكتە.

**غەبدەن قۇرمانوۋ.**
**قازاقستان س س ر يېزا ئېگىلىگى مىنىستىرىنىڭ ئورۇنباسارى.**
**پەن كاندىداتى.**



ئېسىل دەرياسى بويىدىكى قازاتكوم‌نامىلىق سوۋخوز ئۆتكەن ژىلى مول ھوسۇل ئېلىپ، مەملىكەتكە ئىككى مىللىون پۇت ئاشلىق ساتتى.
**سۈرەتتە:** ئۆتكەن يازدىكى ئوما مەزگىلىدىن بىر كۆرۈنۈش

---

**ھېزىم بەختىيازوۋ.**

## دېھقان ئوغلىمەن

ئىنسانىي خىسلەت كۆچىدىن لاۋلاپ،
خەلقىم ئىشقىدا يانغان ژىگىتمەن.
بەختىرلىك بىلەن ئەيلەيىن خىتاپ،
لېنىن پەرزەندى، دېھقان ئوغلىمەن!

دىيار جامالىن ئورىغان گۈلگە،
ئىشچى ئادەمنىڭ باتۇر، قولىمەن.
ھالال ئەمگەكتىن ياراتقان ئۆلگە،
تەرلىرىم- ئالتۇن، دېھقان ئوغلىمەن.

ئاق نان ئېگىسى بولغان ژىگىتمەن.
بەختىم تۈپەيلى، ئەمگىكىم بىلەن،
قىزغىن ھاياتتا ھېمىشەم تىمەن،
ھايات ژۈرىگى- دېھقان ئوغلىمەن!

---

### ژۇرنالىست بىلېتى

ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋلادىمىر ئىلىئىچ لېنىن ئۆزىنى ژۇرنالىستمەن، ئەدەبىياتچىمەن دەپ موغرۇرلۇق بىلەن ئېيتاتتى. ئۇ- ماھىر رېداكتور ھەم تالانتلىق ژۇرنالىست بولغان ئىدى. ئۇ پارتىيەۋىي مەتبۇئاتنىڭ ئاساسىنى سالغان بولۇپ، ئۇنىڭ قايناق ئىنقىلاۋىي پانالىيىتىنىڭ دەسلەپكى پەيتىدە ئىلىئىچ: «مەن ئىشچىلار ئۈچۈن يېزىش مۇمكىنچىلىگىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى خالىمىغان بولار ئىدىم، باشقا ھېچ نەرسىنىمۇ ئۇنچىلىك ئارزۇ قىلمىغان بولار ئىدىم» دەپ يازغان ئىدى.

بۇ ژىل 7- يانۋاردا س س س ر ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقى ئەزاسىنىڭ №1 بىلېتى ۋ. ئى. لېنىننىڭ نامىغا يېزىلدى. بىلېتنى تەنتەنىلىك ھالدا رەسمىلەشتۈرۈش «پراۋدا» گېزىتىنىڭ مەجلىسلەر زالىدا بولۇپ ئۆتتى. بىلېت ك پ س س مەركىزىي كومىتېتى يېنىدىكى ماركسىزم- لېنىنىزم ئىنستىتۇتىغا ساقلاشقا تاپشۇرۇلدى.

---

### پارچىلاپ سېتىش باھاسى ئەرزەنلىتىلدى

مەملىكىتىمىزدە موشۇ ژىلنىڭ كىرىشى بىلەن خەلق كەڭ ئىستىمال قىلىدىغان بىر مۇنچە بۇيۇملارنىڭ پارچىلاپ سېتىش باھاسى 5 پروتسېنتتىن 25 پروتسېنتكىچە ئەرزەنلىتىلدى. ئىلمە- توقۇلما (تىركوتاژ) بۇيۇملىرى، پايپاق، ئاياللار ئۆتۈكلىرى، ئىچ كىيىملەر، رادىو توۋارلىرى، ماگنىتوفون، تېلېۋىزورلارنىڭ بەزى بىر تۈرلىرى، پىلوسوسلار، ئاككوردېونلار، بايانلار، گارمونلار ئەينە شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن زورۇر بولغان نان، ئۇن، گۈرۈچ تائاملىرى، قەنت، گوش، ھەر خىل ياغلار، بېلىق، چاي، گەزماللار، شۇنداقلا ئۇلاردىن تىكىلىدىغان كىيىملەر ۋە ئاياق كىيىملىرىنىڭ بۇرۇنقى باھالىرى ئۆزگەرتىلمەي ساقلىنىپ قالدۇ.

1977
ژىل
فېۋرال
№4 (6)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى — تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت «ۋەتەن» جەمىيىتى قازاقىستان شۆبىسىنىڭ گېزىتى.

# ئاق جايىقتىن ئالتايغا قەدەر

بىيىل سوۋېت دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كەلگىنىگە ئاتمىش ژىل تولىدۇ. بۇ شانلىق مەيرەمنى ئېلىمىزدىكى خەلىقلەر بىلەن بىللە، جاھاندىكى بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانلار، جۇملىدىن چەت ئەللەردىكى بىزنىڭ ھەققانىي دوستلىرىمىز بىلەن ئىزگۇ نىيەتلىك ۋەتەنداشلىرىمىزمۇ نىشانلايدۇ.

ئۆكتەبىر تېگى ئاتقىنىغا ئاتمىش ژىل! تارىخى جەھەتتىن بۇ قىسقىلا ۋاقىت بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدە، جانىجان ۋەتىنىمىز ئېرىشكەن بۈيۈك غالىبىيەتلەر نۇقتەئىي نەزەرىدىن ئەسىرلەرگە باراۋەردۇر. نېۋا دەرياسى قىرغاقلىرىدىن ئاتقان تاڭنىڭ شولىلىرى پايانسىز دىيارىمىزنىڭ ھەر جايلىرىغا تەكشى تارالدى. نەتىجىدە، ئىنسانىيەت تارىخىدا يېڭى زامان باشلاندى. يېڭى ھاكىمىيەت ئەڭ ئاۋال تېچلىق شارىنى مەيدانغا ئاتتى.

بىز قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ مۇۋاپىيەقىيەتلىرىمىز خەلق ئېگىلىگىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۈكسىلىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئۆتكەن ژىلى مەملىكىتىمىزنىڭ مىللى دارامىتى بۇنىڭدىن ئاتمىش ژىل ئاۋالقى دەرىجىدىن 65 ھەسسە ئۆسكەنلىگىنى ئىجاتكار خەلقىمىز مەغرۇرلۇق بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئاتمىش ژىل ئىلگىرى، بىر ژىل ئىچىدە ئىشلەپ چىقىرىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ سانائەت كارخانىلىرىمىز بار - يوقى ئىككى يېرىم كۈندىلا ئىشلەپ چىقىرىدۇ.

پۈتكۈل جاھان سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى بىزنىڭ ئېلىمىزدە ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. چويۈن، پولات، نېفىت، تۆمۈر، مارگانېس، خروم مەدەنلىرى جەھەتىدىن، شۇنداقلا كۆمۈر، تسېمېنت، تراكتور، تېپلوۋۇز، پاختا ۋە باشقا ئۈرگۈنلىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ چىقىرىش جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا كەلمەكتە.

ئېلىمىزدە ئاچارچىلىق بىلەن گادايلىق، ئىشسىزلىق بىلەن ساۋاتسىزلىق، شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئېزىلىش بىلەن مىللىي ئېزىلىشلەر مەڭگۈ يوقىتىلدى. تۇرۇشلۇق ئۆي مەسىلىسى ئەڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىدۇر. ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ھەر ژىلى پايدىلىنىشقا بېرىلىۋاتقان تۇرۇشلۇق ئۆيلەرنىڭ ئۇمۇمىي مەيدانى كوناروسسىيادىكى تۇرۇشلۇق ئۆي فوندىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇقدۇر.

دېخانچىلىق، پەن - مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھاسىدا ئېرىشكەن مۇۋاپىيەقىيەتلىرىمىز ھەر كىمنى شاتلاندۇرىدۇ. لېكىن ئۇتۇقلاردىن باش ئاڭگىراش سوۋېت كىشىلىرىگە خاس ئادەت ئەمەسدۇر. بۈيۈك مەيرەمنى ئەمگەك ساھاسىدا يېڭى ئۇتۇقلار بىلەن كۈتۈپ ئېلىش سوۋېت خەلقىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل مەملىكىتىمىزدە، جۇملىدىن ئاق جايىق قىرغاقلىرىدىن تا ئالتايغىچە كەتكەن بېپايان قازاق توپرىغىدىكى كارخانىلاردا، كولخوز - سوۋخوزلاردا جوشقۇن ئەمگەك سادالىرى ياڭراپ، ئەمگەكچىلەر بۈيۈك مەيرەمگە مۇناسىپ ھەدىيەلەر ھازىرلىماقتا.

گېزىتىمىزنىڭ بىرىنچى سەھىپىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە سۈرەتلەر ئەينە شۇ مەيرەم تەرەددۇتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.



شىمالىي قازاقىستان ئوبلۇسى. كوسموناۋت بىكوۋسكىي نامىدىكى سوۋخوزنىڭ كومباينچىسى، لېنىن ۋە ئەمگەك قىزىل تۇغى ئوردېنلىرىغا سازاۋەر بولغان مېخانىزاتور لاتىپ قوڭقاروۋنىڭ نامى پۈتكۈل ئوبلۇستا مەلۇم.

سۈرەتتە: خەلق تەرىپىدىن يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانىغا سايلانغان لاتىپ قوڭقاروۋ يېزا سوۋېتىنىڭ مەجلىسىدە.



تالدىقورغان ئوبلۇسى. كىروۋ رايونىغا قاراشلىق مۇسابېك بايمىدىكى سوۋخوزنىڭ «ژالىن» ناملىق قوي ئوستۇرگۈچى ياشلار برىگادىسى ژىلدىن ژىلغا ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشمەكتە.

سۈرەتتە: ياش چارۋىچىلارنىڭ يېتەكچىسى بىغايشا جاباغىنوۋا.



قاراغاندا شەھىرى. ئۆكتەبىرنىڭ 50 ژىللىغى نامىدىكى خاڭدا ئۆتكەن بىر ژىل ئوزىدىلا 3 مىللىيون 600 مىڭ تونىنا كۆمۈر چىقىرىلدى. ئونىنچى بەش ژىللىقنىڭ بىرىنچى ژىلىدا ك. كورپېبايېۋ باشقۇرغان خاڭچىلار ئالاھىدە كۆزگە چۈشتى. ئۇلار ۋەتەنگە مەجبۇرىيەتتىن تاشقىرى 500 تونىنا كۆمۈر بەردى. بۇنىڭ ھەممىسىگە خاڭچىلار ئەمگىكىنى توغرى تەشكىل قىلىش، تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن، ئاۋتوماتىكادىن كەڭ پايدىلىنىش، شۇنداقلا ئەمگەكنى خەتەرسىز ئۇيۇشتۇرۇش تۈپەيلى ئېرىشىلدى.

سۈرەتتە: ئىلغار خاڭچىلار ت. بايېنوۋ، ر. يانكې ۋە م. تانايېۋلار.

گۇرىيېۋ ئوبلۇسى. بۇرغۇلۇغۇچى ئۇستا ناسى سېيسېنالىيېۋ رەھبەرلىگىدىكى نېفت ئىزدەش گرۇپپىسى نېفتىنىڭ ناھايىتى باي مەنبەلىرىنى تېپىپ دولەت بايلىغىنى كۆپەيتىشكە مۇناسىپ ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە. ھازىر ئۇلار ئېلىمىزنىڭ شانلىق تويىنى لايىق كۈتۈپ ئېلىش ئۈچۈن ئاۋام خەلقىمىز كەبى قىزغىن ئەمگەك قىلىپ، بۈيۈك ئۆكتەبىر مەرىكىسىگە چوڭ سوغا - نەچچە مىڭ سوملۇق خىراجەت ئىختىسات قىلماقچى.

سۈرەتتە: ئىلغار نېفتچىلار (ئوڭدىن سولغا) ش. سىمائىلوۋ، ن. مادېنوۋ، ۋ. قۇسائىنوۋ، ۋ. كالىتوۋ، يېسېنوۋ، م. نورۇنباساروۋلار.





ئۇست - كامېنو گورسك شەھىرىدىكى تىتان - ماگنىي كومبىناتى رەڭلىك مېتاللۇرگىيە ساھاسى بويىچە يېتەكچى سانائەت ئورۇنلىرىدىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇ، بۈنۈڭدىن ئون بىر ژىل بۇرۇن پايدىلىنىشقا بېرىلگەن بولۇپ، ھازىر ئىشلەپ چىقىرىش مەدەنىيىتى يۈكسەك كارخانا دېگەن نامغا ئېگە بولدى. بۇ ھورمەتكە مېتاللۇرگلار ئۆز ئەمگىكىنىڭ مېۋىلىك ھەم سۈپەتلىك بولۇشى، شۇنداقلا ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ ياخشىلىنىشى تۈپەيلى ئېرىشتى.

ئۆتكەن بەش ژىللىقتا كومبىنات 17 قېتىم پۈتۈن ئىتتىپاق ۋە جۇمھۇرىيەتلىك مۇكاپاتلارغا سازاۋەر بولدى.

سۈرەتتە: بىرىنچى سېختىكى ئۇستا ئى. سۇلېيمېنوۋ (سول تەرەپتىن ئىككىنچى) رەھبەرلىگىدىكى مېتاللۇرگلار.

# باھار تۈيغۇلىرى

ئىليا بەختىيا

## باھار كۆرۈنۈشلىرى

بۇلۇت ئىچىدىن ئېچىپ پەنجىر،
دەسلەپ مانا چاقماق چاقتى.
ياساپ كوكتە ئالتۇن زەنجىر،
تۇن كېچىدە روشەن ئاقتى.

يوپۇرماقلار ئالقان ئېچىپ،
تامچىلاردىن مونچاق ياسار.
كالېندارنى يەنە كېچىپ،
يېتىپ كەلدى گۈزەل باھار.

يەر قوينىدىن كوتۇرۇپ باش،
ئاق چېچەكلەر كۈن مارشار.
شوخ بۇلاقلار ئېتىشىپ قاش،
مايسىلىقتا يول تالىشار.

يامغۇر سۈيى پاكىز ئېتىپ،
ژۇۋاتىدۇ تال چېچىنى.
غول بويىغا گىلەم سېلىپ،
نەقشىەيدۇ يول چېتىنى.

دەرەق كوينەك كىيىۋاتىدۇ،
چېچەكلەردىن قەۋەت- قەۋەت.
باھار!
باھار كېلىۋاتىدۇ،
گۈلدەستىسى سېۋەت- سېۋەت.

## تاغ سۆيىتى

قارغاي يېشىل، گۈللەر قىزىل، تاغنى بېزەر،
باش لىڭشىتار يەلپۈپ شامال چىقسا ئەگەر.
يان باغرىلاپ ئويناق سېلىپ ئەركىن ئوسكەن،
ئۆماق كوزلۈك كېيىكلىرىم سەپنى تۈزەر.
ئاھ، قانداق! تاغنىڭ ئىچى سۈيى سۈزۈك،
«سالقىن ھاۋا، تەنگە داۋا» ژۈرسەڭ كېزىپ،
تاماشىلاپ چوققىسىدا سۈرەت سىزىپ،
يە بولمىسا ئولتارساڭ شۇك سىرلار تىزىپ.
فونتان بولۇپ، تاشتىن سىرغىپ بۇلاق سۈيى،
يېشىل گىلەم نەقشلىگەن سۇسۇن گۈلى.
شۇ گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن كۈمۈچ رەڭلىك،
ئاقار غۇلاپ توۋەن قاراپ تاغنىڭ غولى.

تۇرسۇن ۋاھىدى

(قىزىق)

## سالام، ئالمۇتا!

قول كوكسۈمدە ئېگىلىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
چىن رەشتىڭگە چىگىلىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
ئىشىق ئوتۇڭدا يېنىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
زىكرىڭگە ئۈن سېلىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
نېسىپ بولغاچ ماڭا ئالتۇن دىدارى دەرۋاز،
ئاق سەپەرنىڭ بۈركىتىدەك قىپ كوكتە پەرۋاز.
ئامىتىڭنىڭ پەلىسىگە قوشۇپ گۈر ئاۋاز،
مۇقامىمنى چېلىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
چىمەن، ھەيۋەت تيان- شاننىڭ سېخى قوينىدىن،
گۈزەل ئىلى ۋادىسىدىن تارىم بويىدىن.
قېدىناسىڭ قەشقەر، تۇرپان، كۇچار يولىدىن،
«بارىكاللا!» ئېلىپ كەلدىم سالام ئالمۇتا!
كورۇپ سېنىڭ نازاكەتلىك ۋاداڭ- باراڭنى،
كورۇپ سېنىڭ چەكسىز ئېقىن، بۈگۈن دالاڭنى،
كورۇپ سېنىڭ ھېساپسىز قوي-ئوشكە كالاڭنى،
ئاپىرىن!- دەپ كىرىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
سەندە كورۇپ كامال تاپقان سەنئەت ژۇتىنى،
سەندە كورۇپ ئاباي، جامبۇل، بۇشكىن، گوركىينى
سەندە كورۇپ لېرمونتوۋنىڭ ژۈرەك زوقىنى،
ھورمەتكە تىك تۇرۇپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
سەندە كورۇپ ناۋايىدەك قىممەت پەدەرنى،
سەندە كورۇپ توقايېۋتەك شىرئاۋاز ئەرنى،
سەندە كورۇپ ئىسكەندەرنى، ئولمەس ئومەرنى،
قەد- قەد ئورۇپ كۈلۈپ كەلدىم،سالام ئالمۇتا!
ژۈرەك سوزۈم: ئوگەنسەم ساپ خىسلەتلىرىڭنى،
ئوگەنسەم پەن، قامۇسىڭنى- ھېكمەتلىرىڭنى،
ئوگەنسەم مارس، ئايغا يەتكەن شوھرەتلىرىڭنى،
ئاتالىق ئارزۇ سۇرۇپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!
ساڭا ئاتاپ ئاق چاچ قەلەم تەۋرەتتى بۈھال،
مەردان شەھرىم ئەگەر ساڭا كەلمىسە مالال،
بۇ «قىزىق» نىڭ سوغىسىنى قوبۇل قىلىپ ئال،
ئەپتىڭدە ئوت قىزىپ كەلدىم، سالام ئالمۇتا!

زىيائىدىن قاھاروۋ

## تەبرىكلەيدۇ كۈن بىزنى

تۇردۇم سەھەردە قارىدىم كوككە،
تاڭ ئاتار بۈگۈن ئادەتتىن باشقا.
شاتلىنىم- كۈلكەم سىغماس كوكرۈگە،
زوخلاندىم شۇنچە چىققان قۇياشقا.
ئاسمان ھوسنىدە زەررە بۇلۇت يوق،
ئۇپۇق يۈزىدە ئالتۇن نۇر، كۈلكە،
ئېگىز نورلەپ، تاغلاردىن ھالقىپ،
كۈن ئالدىرايدۇ توينى كورۇشكە.
كۈننىڭ نۇرىدەك نۇرلۇق ئېلىمدە،
باھار مەيرىمى- خوشاللىق مەيرەم.
تەبرىك سوزلىرى خىلمۇ-خىل تىلدا،
ھەر جايدا ئالقىش، نۇر قۇچار ئالەم.
مانا سېخى كۈن تەبرىكلەپ بىزنى،
يېقىنلاپ كەلدى كۈلۈپ ئاسماندىن.
كورۇپ شات بولدى- باشلىدى سوزنى،
مىڭ رازى بولغان بىزنىڭ زاماندىن:
رەخمەت، ئاپىرىن، ئۇلۇغۋار خەلق،
پارلاق يولۇڭدا ئوسسۇەر مەڭگۈ.
پاھ، نېمە دېگەن كۈچ، ئەقىل، بايلىق.
سىلەر بىلەن بىر ھەر قاچان مەنمۇ.
كورۇپ ژۈرىمەن چەكسىز ئاسماندا،
سىلەر ئۇچارغان سۇنئىي ھەمرالى،
نىشانلار تىكتىڭلار ئايغا،
ئاچتىڭلار سىلەر يېڭى دۇنيانى.

ئىلاخۇن ھوشۇروۋ

## بۇلاق

مولدۇر بۇلاق،
تۇرسام قاراپ،
بۇلۇق- بۇلۇق قايناپسەن.
تاش تۈۋىدىن
يەر لېۋىگە
ئورغۇپ چىقىپ ئويناپسەن.
ئىككى قوللاپ،
ئوچۇملاپ،
ئىچسەم سۈزۈك سۈيىڭنى.
سەكىپ تېنىم،
ئويناپ قېنىم،
قىزدۇرۇدۇ بويۇمنى.
مولدۇر بۇلاق،
تۇرسام قاراپ،
شىر- شىر قىلىپ ئاقسەن.
سايلار ئارا،
باغلار ئارا،
كوكسۈمگە گۈل تاقسەن.
مولدۇر بۇلاق،
سېنىڭ ئوخشاش
سېخى بولغۇم كېلىدۇ.
ئاددىللىقىڭ،
داددىللىقىڭ،
تۈغى بولغۇم كېلىدۇ.
مولدۇر بۇلاق،
ساڭا قاراپ،
كوڭلۈمگە ئوي پۈكمەن.
ژۇتنىڭ مېھرى بولغىنا،
سۈڭگۈپ- سۈڭگۈپ چىقىمەن.
تاڭغا يېقىپ،
قانات قېقىپ،
ئىشلەپ، ياراپ كېتىمەن.
ئەلنىڭ ئويىن،
بۇلاق كۈيىن،
باشلاپ، سايراپ كېتىمەن.

| | | |
|---|---|---|
| بىرىنچى مەشغۇلات<br>БИРИНЧИ МӘШҒУЛАТ | | |
| ئا<br>А а | ئالمۇتا<br>Алмута | ئالمۇتا- ئالمىنىڭ كانى<br>Алмута — алминиң кани |
| ب<br>Б б | باغ<br>Бағ | باغنى باقساڭ، باغ بولار<br>Бағни бақсаң. бағ болур |
| ۋ<br>В в | ۋەدە<br>Вәдә | ۋەدىگە ۋاپادار بولغىن<br>Вәдигә вападар болғин |
| گ<br>Г г | گۈل<br>Гүл | گۈلخاندا گۈل تولا<br>Гүлхан да гүл тола |
| د<br>Д д | دالا<br>Дала | دالادا مال تولا<br>Далада мал тола |
| ئې<br>Е е | ئېگىز<br>Егиз | ئېگىز- ئېگىز دوڭلەردىن سىرىلدىم سىزگە<br>Егиз-егиз дөңләрдин сирилдим сизгә |

ئېلىپبە مەشغۇلاتى
Елипбә Мәшғулати

| مازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى / hазирқи уйғур елипбәси | لاتىنچىسى / латинчиси | ئەرەپچىسى / әрәпчиси | مازىرقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسى / hазирқи уйғур елипбәси | لاتىنچىسى / латинчиси | ئەرەپچىسى / әрәпчиси |
|---|---|---|---|---|---|
| А а | A a | ئا | Ө ө | Ө ө | ئو و |
| Ә ә | Ә ә | ئە | П п | P p | پ پ |
| Б б | B b | ب ب | Р р | R r | ر |
| В в | V v | ۋ | С с | S s | س |
| Г г | G g | گ | Т т | T t | ت |
| Ғ ғ | Ƣ ƣ | غ غ | У у | U u | ئۇ ۇ |
| Д д | D d | د | Ү ү | Ү ү | ئۈ ۈ |
| Е е | E e | ئې ې | Ф ф | F f | ف |
| Ж ж | Ƶ ƶ | ژ | Х х | X x | خ |
| Җ җ | C c | ج | Һ һ | H h | ھ |
| З з | Z z | ز | Ц ц | | تس |
| И и | I i | ئى ى | Ч ч | Ç ç | چ |
| Й й | J j | ئې ي | Ш ш | Ş ş | ش |
| К к | K k | ك | Щ щ | | |
| Қ қ | Q q | ق | Ъ | | |
| Л л | L l | ل | Ы ы | | ئى ى |
| М м | M m | م | Ь ь | | |
| Н н | N n | ن ن | Э э | e | |
| Ң ң | ꞑ | ڭ | Ю ю | | يۇ |
| О о | O o | ئو و | Я я | | يا |

تەھرىر ھەيئىتى.

گېزىتنىڭ ئادرېسى 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فۇرمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار 82—60—62، 85—43—62. گېزىت-ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 78877

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە فولىيارمىلار ئامبىرى

1979
ژىل
ئاۋغۇست
№15(65)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
— تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش سوۋېت
«ۋەتەن» جەمىيىتى قازاق
شوبىسىنىڭ گېزىتى.


## ئاق جايىقتىن ئالتايغا قەدەر

### بىز ئىنژېنېرلار يېتىشتۈرىمىز

**قازاقستان پولىتېخنىكا ئىنستىتۇتىنىڭ رېكتورى، تېخنىكا پەنلىرى دوكتورى، پرو- فېسسور ئە.ئەشموۋ بىلەن سوھبەت**

ھازىرقى ۋاقىتتا بىزنىڭ ئىنستىتۇتىمىز ژىرىك ئالىي بىلىم يۇرتلارىنىڭ بىرىگە ئاي- لاندى. 1934-ژىلى ئۇنىڭ ئىشىكلىرى دەس- لەپ ئېچىلغاندا 145 تالىپ قوبۇل قىلىنغان ئې- دى، بۇ ژىلى بولسا، كۈندۈزكى 10 فاكۇل- تېتقا 2450 تالىپ قوبۇل قىلىناقچى. بۇ ژىل يېقىندىن سانتارلىق-تېخنىكا بۆلۈمى ئېچىل- دى. ئۇنىڭغا 175 شاگىرت قوبۇل قىلىندى. ئارخىتېكتۇرا فاكۇلتېتىدا يېڭى قۇرۇلۇشنى لايىھەلەش بويىچە مۇتەخەسسىسلەر تەييار- لايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاۋتوماتىكا ۋە تېلېمېخانىكا، ئېلېكترون ھېسابلاش ماشىنى- لىرى فاكۇلتېتلىرىغا قوبۇل قىلىنغۇچىلارنىڭمۇ سانى ئاشماقتا.

بۇ ژىل گۇرىيېۋ، جېزقازغان، ئۇست-كا- مېنوگورسك، شېۋچېنكو قاتارلىق سانائەت مەركەزلىرىگە مەخسۇس قوبۇل كومىسسىيە- لىرى ئەۋەتىلىپ، تاغ-كان، مېتاللۇرگىيە، نېفت فاكۇلتېتلىرىغا چۈشۈش ئىمتىھانلىرى مەزكۇر شەھەرلەردە ئۆيۈشتۇرۇلدى. سا- نائەت كارخانىلىرىغا لازىم مۇتەخەسسىسلەر- نى يەرلىك ياشلاردىن تەييارلاش چارىسى كادرلارنى تۇراقلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ياخ- شى نەتىجە بەرگۈسى.

بۇ ژىل سانائەت كارخانىلىرى ۋە قۇ- رۇلۇشلارنىڭ يوللانمىلىرى بويىچىمۇ تالىپ- لار قوبۇل قىلىندى. ئۇلار ئوقۇشنى تاماملىغان- دىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئەۋەتكەن سانائەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدىغان بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنداق يوللانمىلار بىلەن جېزىم كان-بېيىتىش كومبىناتى، قاراتاۋ ئىشلەپ چىقىرىش بىر- لەشمىلىرىدىن كۆپلەپ ياشلار كەلدى.

ئىنستىتۇتىمىزدا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلغۇ- چىلار ناھايىتى كۆپ بولدى. بىز ئۇلارنىڭ نەتىجىلىك ئىمتىھان بېرىشى ئۈچۈن كېرەك- لىك شەرت-شارائىتلارنى يارىتىپ بەردۇق. ئالدى بىلەن ئوقۇشقا كىرمەكچى بولغانلار ياتاقخانا، كىتاپخانىلار بىلەن تەمىنلەندى. بىزنىڭ مەخسىتىمىز-ياشلارنىڭ ئۆز قابىلى- يەتلىرى بويىچە كەسىپ تاللىۋېلىشىغا ئىم- كانىيەتلەر يارىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى خىللاش بولدى. بۇ ژىل ئىنستىتۇتتا تەي- يارلىنىدىغان 28 خىل مۇتەخەسسىسلىكنىڭ 23تۈرى بويىچە ئىمتىھان ئېكسپېرىمېنتال ئۇسۇل بىلەن ئېلىنىدۇ.

### ئاكتيورلار بىلەن ئۇچرىشىش

يېقىندا تۈركىستان شەھىرىدىكى «دوست- لۇق» كىنوتېئاترىدا «قازاقفىلم» كىنو ستۇ- دىيەسى چۈشەرگەن «قان بىلەن تەر» فىل- مىدا ئاساسىي روللاردا ئوينىغان گ.شويېكو- ۋا، قازاقستان س س ر خەلق ئارتىستى ئا. مولدابېكوۋ ۋە باشقا سەنئەتچىلەر بىلەن ئۇچرىشىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭغا جۇم- ھۇرىيىتىمىزدىكى پېشقەدەم كومپوزىتور نۇرغىسا تىلېندىيېۋ بىلەن قازاقستان كىنېما- توگرافىستلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ بى- رىنچى سېكرېتارى ئاكىم ئەشموۋلار قات- ناشتى. ئاندىن تاماشىبىنلەرگە س س س ر دۆ- لەت مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىياتى ئابدىجەمىل نۇرپېيىسوۋنىڭ شۇ ئاملىق رومان-تىرلوگى- يەسى بويىچە ئىشلەنگەن «قان بىلەن تەر» فىلمى كۆرسىتىلدى.

### يېڭى ئەنئەنە

پاۋلودار ئوبلۇستا ئوبلۇسلۇق بەدىي رەسسا- لەر مۇزېيى ۋە شەھەرلىك كىتاپخانا قاتارلىق ئىككى چوڭ مەدەنىي مەھكىمە يېڭى بىنالار- غا كۆچتى. ئۇلار ئون ئىككى قەۋەتلىك شە- ۋكەتلىك يېڭى ئىمارەتنىڭ تۆۋەنكى قەۋىتى- گە جايلاشتى. ئوبلۇس مەركىزىدىكى چوڭ كوچىلاردىن بولغان كويبىشېۋ نامىدىكى كو- چىدا ئۇشبۇ يېڭىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن چوڭ بەيرەم بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭدا ۋەتەن ئۇ- رۇشى، ئەمگەك مەردانىلىرى ۋە ئىشلەپ چى- قىرىش ئىلغارلىرى بىلەن ئۇچرىشىش ئۆت- كۈزۈلۈپ، تراكتور زاۋۇدىنىڭ خەلق خو- رى ۋە باشقا بەدىي سەنئەت ئۆمەكلىرى ئويۇن كۆرسەتتى. موشۇ كوچىغا جايلاشقان ئىككى سارىيىدا كۆمۈچ ۋە ئالتۇن تويلار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. ئائىلە قۇرغۇچى يا- شلار شاتلىق كۈنلىرىنى ئىشانلايدۇ. كېچىسى باغلاردا، كوچىلاردا ئاممىۋىي سە- يلىلەر بولىدۇ.

مانا بۇ خىل كوچا بەيرەملىرى پاۋلودار ئوبلۇستا ئەنئەنىگە ئايلاندى.

### ياش دوختۇرلار يېزىلارغا ئاتلاندى

جامبۇل ئوبلۇسىنىڭ رايون ۋە يېزىلى- رىدا دوختۇرلار سانى ژىلسېرى كۆپەيمەكتە ۋە يېڭى شىپاخانىلارمۇ كۆپلەپ سېلىنماقتا. يېقىندا ئوبلۇسنىڭ مەركىزىدىكى شىپاخانى- لاردا پېشقەدەم دوختۇرلار يېتەكچىلىگىدە باي تەجرىبىلەر توپلىغان بىر تۈركۈم ياش دوختۇرلار يېزا تىببىي ئورۇنلىرىدا ئىشلەش ئۈچۈن يوللانما ئالدى. سەكسەندىن ئارتۇ- غىراق مۇتەخەسسىسلەر ئەڭ ژىراق مويۇن- قۇم، تالاس، سارىسۇ، كراسنوگور رايون- لىرىغا بېرىپ ئىشلەشكە خاھىش بىلدۈردى.

### «گرانڭ-پرى» مۇكاپاتىنى ئالدى

بېلگىيەنىڭ پايتەختى برىيۇسسېل شەھى- رىدە ئۆتكۈزۈلگەن سەرگاھلارنىڭ قىتئەلەر ئارا 14-مۇسابىقىسىدا قازاقستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىستلار سارا قابىغوجىنا بىلەن سۇلتانغالىي شۈكىروۋ «گرانڭ-پرى» مۇكاپاتىغا يەنە سازاۋەر بولدى. شۇنداق قىلىپ، قازاق ئارتىستلىرى سوۋېت ئېسترادا تارىخىدا دەسلەپ خەلق ئارا ئۈچ مۇسابى- قىنىڭ غالىپلىرى ئاتالدى. بۇندىن بۇرۇن ئۇلار كارلوۋى ۋارى، پارىژ شەھەرلىرىدە ئەينە شۇنداق غالىپلىققا ئېرىشكەن بولسا، بۇ نۆۋەت بېلگىيەدە يەنە شانۇ-شەرەپكە ئېگە بولدى.

### ئىككى مىڭ كونسېرت

ئاقتوبە ئوبلۇسىدىكى 97 ئاۋتوكلۇب ئۆتكەن ژىلى دېخانلار ۋە چارۋىچىلار ئارى- سىدا ئىككى مىڭدىن كۆپرەك كونسېرت قو- يۇپ، ئۈچ يېرىم مىڭ لېكسىيە ۋە دوكلادلار ئۆتكەزدى. شۇنىڭدەك مەلۇم ماۋزۇلارغا بېغىشلانغان بىرەر مىڭچە كەچلەر ئۆتكۈ- زۈپ، ئون مىڭدىن ئارتۇغىراق ھەر خىل فىلملار كۆرسەتتى.

ئاۋتوكلۇبلار بۇ ژىل يېزا ئەمگەكچىلىرى ئارىسىدا ئېستېتىكىلىق تەربىيە ئىشلىرىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇشنى كۆزدە تۇتماقتا. ئاۋتوكلۇبلارنىڭ يېقىندا بولۇپ ئۆتكەن ئوبلۇسلۇق كورىگىمۇ شۇ يېڭى چارە-تەدبىرلەرنىڭ بىرىدۇر.



* * *

**سۈرەتتە:** ئالمۇتا ئوبلۇسى، كۈرتى را- يونىغا قاراشلىق «ئايدارلى» سوۋخوزىنىڭ شوفيورى ئې.ئابايدىلدانوۋ (ۋۇقۇرىدا) ئاشلىق توشۇشتا ئالدىنقىلاردىن بولۇپ كەلمەكتە.

ئۇرۇم مەۋسۇمىدىن كۆرۈنۈش.

* * *



1980
ژىل
ئاۋغۇست
№16 (90)

باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازادلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
— تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېت ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى.


• ئىليا بەختىيا

## ۋەتەن

تەربىيىلىگەن بىزنى پەپىلەپ ئانا ۋەتەن،
سېنى سۆيەر ساداقەتلىك ھەر بىر ئادەم.
تاغ سۈيىدە كۆكەرگەن كۆك چىمەندەك،
بىزنىمۇ ھۆر ياشناتتى موشۇ ۋەتەن.

بەخت بەردىڭ خەلقىمگە—تۈگىمەيدۇ،
«ۋەتەن» دېگەن مۇھەببەتنىڭ ئۇنى
ئۆچمەيدۇ.
ھەر بىر ئادەم قۇۋۋەت ئالار ھاياتىڭدىن،
ئېي ئانا، ئېيتقىن سېنى كىم سۆيمەيدۇ؟

ۋەتەن دېسە—ناخشا ئېيتىپ شاتلىنىمەن،
سېنىڭ داڭقىڭ بىلەن ھەر چاغ ماختىنىمەن.
كۆزۈمنىڭ قارچۇغىدەك سېنى ساقلاپ،
دۈشمەن كەلسە، قانلىق جەڭگە ئاتلىنىمەن.

ئاسماندا كۈن، يەردە—سەن يورۇق بېرىپ،
خەلقىم سېنى غەزەل قىلدى گۈللەر تېرىپ.
ئۈستەردىڭ تالاي ئەرنى، باتۇر قىزنى،
كەڭ قوينۇڭدا، ۋەتىنىم، ئىلىم بېرىپ.

قوينۇڭدا ئۆمۈر سۈرۈپ سوۋېت خەلقى،
يەر يۈزىگە بەختلىك دەپ كەتتى داڭقى.
ھەر بىر بوستان خەلق تەرگەن ساغا
تالىق،
«گۈللەنسۇن ۋەتەن!»—دەيدۇ—شۇنداق
ئەھدى.

ئاخشاڭ ھەرگىز سېنىڭ ئۇنتۇلمايدۇ،
سىماپتەك ۋىجدانىڭ پاك—كىر بولمايدۇ.
ئاق سۈتىڭدىن چوڭ بولغان ھەر بىر
ئوغلۇڭ،
داڭقىڭنى ساقلار، ۋەتەن،—كىر قىلمايدۇ!

□ □

### مېنىڭ رېسپۇبلىكام

قىرى— كۆمۈچ،
تېگى— كەشتە،
ھەم ئاۋانگارد،
ئېمىسى كام؟!
بېغى— يېمىش،
ئاپا— بۇغداي —
مىللىارد— مىللىارد،
رېسپۇبلىكام.

سايلىرى— مال،
كوكسى— كۆركەم،
قوينى— ئاۋات،
بايلىق تولغان.
سۈلىرى— بال،
ئانا ئۆلكەم،
شانلىق ۋەتەن—
رېسپۇبلىكام.

باغرى— گۈزەل،
تېغى ئالتۇن،
ئاشلىققا مەرت،
ئۆردىن ئالغان،
ئازادە ئەل،
بەختى چەكسىز،
شانۇ— شوھرەت،
رېسپۇبلىكام!

# قازاقستانغا ئاتمىش ژىل



گۈزەل پايتەختىمىز— ئالمۇتا.

# قازاقستان شەھەرلىرى

قىزىلقۇم جەزىرىسىدە بەرپا قىلىنغان چاردارا سۇ ئىمبىرىنى بويىدا چاردارا دېگەن يېڭى شەھەر قەد كۆتەردى. ئەرەپ تىلىدا چاردارا دېگىنىمىز «چار- تۇرت، دارا- توپىلىك يەنى تۆرت توپىلىك» دېگەن ئىككى خىل ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئەينە شۇ تۆرت توپىلىككە جايلاشقان بۇ چاردارا دېگەن جايدا چارەك ئەسىر ئىلگىرىلا ھۆت يوق ئىدى. ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيقىدا ياتقان بۇ جانسىز دەشتى- چۆلدىكى چاردارا توپىلىگى بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل مەملىكىتىمىزگە تونۇش بولۇپ، ھەر كىمنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەل بىر تەۋەگە ئايلاندى. بىر چاغلاردا ئاپتاپنىڭ دەستىدىن جان- جانىۋار، ئۇچار- قانات ماكان قىلمايدىغان بۇ قاقاس جەزىرىدە ھازىر ھەجمى 5،7 مىللىارد كۇبادراتمېترنى تەشكىل قىلىدىغان، ئۇزۇنلىغى 90، كەڭلىگى 30 كىلومېتر كېلىدىغان چاردارا دېڭىزى بارلىققا كەلدى. ئاۋالقى زامانلاردا ئىنسان بالىسىغا بوي بەرمەستىن

چۈشىرىلدى. توسما ئىككى كانالغا ئېچىق بېشى بولۇپ، 41 مىڭ گېكتار بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈلدى. بۇ ھوسۇلدار ئېرىلغۇ مەيداندىن ھەر يىلى 170 مىڭ تونىنا «كۆمۈچ دان»- گۈرۈچ ئېلىنماقتا.

تارىختىن تۆرت توپىلىك دەپ نام ئال-

غان سابىق ئىشچى، ھازىر خەلق ۋەكىللىرى چاردارا شەھەرلىك كېڭەشنىڭ رەئىسى جاڭۇزاق ئاخمېتبايېۋ مېنىڭ بىلەن بولغان سوھبەتتە مۇنداق دەيدۇ:

— بۇ چۆل- دالا دا دېڭىز ھەم شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ئەجداتلىرىمىزنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن بولسا كېرەك. جانسىز جەزىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىنسان بەخت- سائادىتى يولىدا پايدىلىنىش قاتارلىق بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر جانىجان ھوكۇمە-

لىق شارائىتلار يارىتىلىپ، ئىشچىلار ئۆي- جاي، ئاشخانىلار بىلەن تەمىنلەندى. قىسقىسى، تۆرت توپىلىك چاردارنىڭ ھۆلى شۇ چاغلاردىلا قۇرۇلغان ئىدى. ئۆملىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئىش تېز ئارىدا ئۆز نەتىجىلىرىنى بەردى. 1968- يىلى ئىشچىلار ئائىلىلىرىگە 26 مىڭ كۇادرات مېتر تۇرۇشلۇق ئۆي بېرىلدى. 400 ئورۇنلۇق ئاغرىقخانا، ئىككى چوڭ مونچا، ئۈچ ئاپتېكا، ئىشچىلارنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن ئىككى ئوتتۇرا، بىر

# دەشتى- چۆلدىكى شەھەر

غان تەۋەدە ھازىر چاردارا شەھىرى بەرپا قىلىندى. دېڭىز بويىدىكى بۈك- باراقسانلىق ياش شەھەر دەبدەبىلىك كۆركى بىلەن زىراقتىنلا دىققەت ئېتىۋارىڭىزنى جەلىپ قىلىدۇ. 25مىڭ نوپۇسقا ئىگە بولغان،قازاقستاندا گۈرۈچ ۋە قاراكول ئەلتېرىلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈپەيلى داڭ چىقارغان چاردارا مەمۇرىي رايونىنىڭ مەركىزى بولغان

تىمىز غەمخورلۇغى تۈپەيلى پەقەت سوۋېت دەۋرىدىلا مۇمكىن بولۇپ قالدى.

سىردەرياغا توسما قۇرۇش ئارقىلىق چاردارا سۇ ئامبىرىنى سېلىش ئىشى1958- يىلىلا باشلاندى. قازاقستاندا تونۇلغان قۇرۇلۇشچى، ماھىر تەشكىلاتچى، ئۇيغۇر ژىگىتى ھاشىم قاسىموۋ رەھبەرلىگىدىكى چوڭ كوللېكتىۋ

8 يىللىق مەكتەپ، باللار باغچىلىرى،كاۋىپ، كىنوتېئاتر سېلىندى.

قىزىلقۇم جەزىرىسىدىكى يېڭى شەھەرنىڭ ئىستىقبالى ئېنىقمۇزور. 11- بەش يىللىقتا چاردارانىڭ دەرگاھى يەنىمۇ كەڭىيىپ، ئۇنىڭدا بىر قانچە يېنىك ۋە ئوزۇقتۈلۈك سانائىتى كارخانىلىرى ئىشقا چۈشىرىلىدۇ.

چاردارانىڭ كۆركىگە زوقلىنىدۇ كىشى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋە كوچىلىرى بويىدىكى بۈككىدە دەرەقلەرنى كۆرسىڭىز، شەھەر ئورمانزارلىق ئىچىگە چۆشكەندەك تۇيۇلىدۇ. تۈپ-تۈز كەڭ كوچىلار، ئىمارەتلەردىكى مىللىي نەقىشلەر، ئاھالە ئۈچۈن قولايلىق شارائىت يارىتىش مەخسەتلىرىدە ئۆيلەرنىڭ 1- قەۋەتلىرىگە جايلاشتۇرۇلغان ماگازىنلار، ئاشخانىلار، ساتراشخانىلار- مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ يېڭى مەنزىرىلىرىنى ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ.

قىزىلقۇم جەزىرىسىگە يېڭى شەھەر، يېڭى ئىنشائەتلەر قۇرۇش تەجرىبىسى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن چاردارانى ۋېنگرىيە،كۇبا، فرانسىيە،ھىندستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن قۇرۇلۇشچىلار پات- پات زىيارەت قىلىپ تۇرىدۇ.ئۇلارنىڭ شەھەر ئارختېكتۇرىسىنىڭ زامانىۋى تەلەپلەرگە ماسلىشىپ كەلگىنىنى، ئۇنىڭ گۈزەل قىياپىتىنى، مەنزىرىلىرىنى، ئۆسۈش سۈرئىتىنى تەكرار- تەكرار تەكىتلەپ كۆرسىتىشى چاردارانىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن يەنە بىر قېتىم دېرەك بەرسە كېرەك.



**سۈرەتتە:** چاردارا دېڭىزى ۋە چاردارا سۇ ئېلېكتر ستانسىيەسى.

ئاققان توسۇن سىر دەرياغا ھازىر ژۈگەن سېلىنىپ، ئۇ، كىشىلەرگە خىزمەت قىلىشقا باشلىدى، پۈتمەس بايلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى. گىگانت توسما سېلىش ئارقىلىق قازاقستان، ئوتتۇرا ئازىيەنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان 100 مىڭ كىلوۋاتت- سائەتلىك چاردارا سۇ ئېلېكتر ستانسىيەسى ئىشقا

بۇ شەھەر پۈتكۈل جاھانغا مەلۇمدۇر. بۇ يەردە ئىتتىپاق بويىچە ئىرىك سانائەت كارخانىلىرىدىن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كومبىناتى، تۆمۈر- بېتون بۇيۇملىرى زاۋۇدى موجۇتتۇر.

بۇ يەردىكى ئالامەت ئۆزگىرىشلەر، يېڭىلىقلار توغرىلىق شەھەرنىڭ ھۆلىنى قۇر-

چۆلگە ھۇجۇم باشلاندى. توسما سېلىش،200 مىڭ گېكتار مەيدانىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان كانال چىقىرىش ژۈرىشىدە جاي-جايلاردىن كەلگەن ھەر مىللەت ۋەكىللىرى- رۇسلار، ئۆزبەك، تاتار، قىرغىز، ئۇكرائىن ۋە باشقىلار ئىشتىراك قىلدى. ئۇلارنىڭ مەئىشىي تۇرمۇشى ئۈچۈن بۇ يەردە بار-

**ئە، ئومەروۋ.**

**چاردارا شەھىرى.**



**سۈرەتتە:** چوپانلار تويى مانا شۇنداق باشلاندى.

## چوپانلار تويى

يېقىندا ئالمۇتا ئوبلۇسى جامبۇل رايونىدا چوپانلار تويى بولۇپ ئۆتتى. بۇ كۈنى ئاقتېرېك ئاۋۇلىنىڭ يېنىدىكى كەڭ تۈزلەڭگە يۈزلىگەن ئاق كىگىز ئۆيلەر تىكىلدى. ئاشخانىلار، ئاۋتودۇكانلار ئەتتىگەندىن باشلاپ خەلق خىزمىتىدە بولدى. ئاۋتوكلۇبلاردىن كۆڭۈللۈك ناخشا سادالىرى ياڭرىدى.

ئەتتەنىلىك مەجلىستە رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ب. تۇرسجانوۋ سۆزگە چىقتى. ئۇ، رايون چوپانلىرىنىڭ قوي سانىنى كۆپەيتىش ۋە قويدىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتا ئېرىشلگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئاتاپ ئۆتتى.

شۇنداقلا «ئۇزۇن ئاغاچ» سوۋخوزىنىڭ چوپانى ش. تاۋمىرزايېۋ، ئامانكېلدى نامىدىكى سوۋخوزنىڭ چوپانى ش. ئەمتايېۋ ۋە باشقىلار سۆزلەپ، قوي ئۆستۈرۈش تەجرىبىلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلدى.

تول ئېلىشتا، ژۈك قىرقىشتا ژۇقۇرى كورسەتكۈچكە ئېرىشكەن چوپانلارغا، «1981- يىلنىڭ غالىبى» لېنتىلىرى، ماددىي مۇكاپاتلار تاپشۇرۇلدى.

قويچىلارغا رايوننىڭ «قولانساز» ئانسامبلى چوڭ كونسېرت قويۇپ بەردى. شۇنىڭدەك بەيگە، «قىز قوغلاش»، ئاغدۇرۇشماق، ئوغلاق تارتىش كەبى مىللىي ئويۇنلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

## سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

سەلەي چاققان ھېيتكار (قەشقەردىكى چوڭ مېچىت) ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرسى بىلەن قىزىتىق گەپ تەگىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— بەرمىسەڭ بەرمە، قىيامەتتە ئالى-مەن!— دەپتۇ بىرىنچىسى.

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!— دەپتۇ ئىككىنچىسى. بۇنى ئاڭلىغان سەلەي چاققان:

— ئاغىنىلەر، دىل ئازارلاشماڭلار، قىيا-مەتتە خۇدا پۇل چىقارمايدۇ، پۇلنى خەش-لەيدىغان بازارمۇ يوق، ئىشلارنى قىيا-مەتكە قالدۇرماي، مۇشۇ يەردە تۈگىتىۋې-تىڭلار!— دەپتۇ.

* * *

زوردۇن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كەلگەن بەگ-لەردىن بىرسى سەلەي چاققانىنى مەسخىرە قىلماقچى بولۇپ:

— سەلەي، ئاتام سەكسەنلەرگە كىرىپ قالدى، ئۇنىڭغا ئاتاپ كونىچە مەخسۇس بىر ئۆي ياساتتۇۋاتىمەن. شۇ ئۆيگە مورا ئوچاق سېلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۆلگىسىنى تېپىپ بېرەلەمسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— تازا ئادانكەنسىز-دە، بېگىم. ئاتىڭىزنىڭ پاختىلىق ئىشتىنىنى تامغا مىقلاپ قويۇپ، ئېغىنى سىزىۋالسىڭىز، شۇ سىزىگە راسا لايىق ئۆلگە ئەمەسمۇ؟— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## ئەپەندى لەتىپىلىرى

بىر كېچىسى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپ، ھېچ نېمە تاپالماستىن چىقىپ كېتىپ بارغان ئىكەن، ئەپەندى ئوغرىنىڭ كەينىدىن ۋاقىراپ:

— ئىشكنىڭ زەنجىرىنى سېلىپ قوي، يەنە سېنىڭدىن باشقا ئوغرى كىرىپ، ساڭا ئوخشاش ھېچ نەرسە تاپالماي، ئاۋارە بو-لۇپ ژۈرمىسۇن،— دەپتۇ.

* * *

ئەپەندى بىر كۈنى ساتىراشخانىغا كىرىپ چېچىنى ئالدۇرىدۇ. ساتىراش ئۇنىڭ بېشىنىڭ بىر نەچچە جايىنى كېسىپ، پاختا يېپىشتۇ-رۇپ قويىدۇ. ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەينەككە قاراپ:

— رەخمەت، تولا ئۇبدان ئۇستا ئىكەن-سىز، بېشىمنىڭ يېرىمىغا پاختا تېرىپسىز. ئەندى قالغىنىغا ئۆزەم زىغىر تېرەرمەن،— دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

* * *

بىر كىشى ئەپەندىدىن غەلۋۇر سوراپ كىرگەن ئىكەن، ئەپەندى ئۇنىڭغا:

— غەلۋۇر سىزدىن ئايلانسۇن، بېرەتتىم، لېكىن ئۈچ كۈن بولدى، ئىچىگە سۇ قۇيۇپ قويغان،— دەپتۇ.

* * *

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى كېلىپ، ئۇنى تاپالماستىن، دەرۋازىسىغا «ئېشەك» دەپ يېزىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندى شۇ ئاغىنىسىنى كوچىدا كورۇپ:

— ھەي، ئاغىنە، تۈنۈگۈن مېنى ئىزدەپ ئۆيگە بارغان ئىكەنسىز، مەن بىر يەرگە كەتكەن ئىدىم،— دەپتۇ.

ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

—كىم ئېيتتى دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى:

— دەرۋازىغا ئېتىڭىزنى يېزىپ كەتكەن ئىكەنسىز، شۇنىڭدىن بىلدىم،— دەپتۇ.

* * *

ئەپەندىنىڭ بىر شاگىرتى خوشنىسى بار ئىكەن. ئۇ ئەپەندىنى شاڭخو قىلماقچى بو-لۇپ:

— ئەپەندىم، بۇگۈن كېچىسى ئۇخلاپ ياتسام، بىر چاشقان ئاغزىمدىن ئىچىمگە كىرىپ كەتتى، بۇنىڭغا نېمە داۋا قىلىش كېرەك؟— دەپ سوراپتۇ.

— نېمە داۋا قىلاتتىڭىز، دەررۇ بىر تىرىك موشۇكنى تۇتۇپ ژۇتۇۋېتىڭ، بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق،— دەپتۇ ئەپەندى.

## موللا زەيدىن لەتىپىلىرى

### سۇلايمان مۇنارىسى

ئىچكىرىدىن چىققان بىرى موللازەيدىن بىلەن ئۇچرىشىپ:

—موللازەيدىن، كارىزلارنىغۇ كولاپ، يا-ساپ پەيدا قىلغانىكەنلەر، بۇ چۇشىنىشلىك، ئامما مونۇ تۇرپان مۇنارىسىنى قانداق پە-يدا قىلدىڭلار؟— دەپ سوراپتۇ.

موللازەيدىن:

— جاناپلىرىنىڭ ئەقلى يەتمەسلىگى مۇ-مكىن، ئەلۋەتتە. بىز ئۆزىمىز ياسىغان كار-ىزنى ئورە تۇرغۇزۇپ قويدۇق،— دەپ جا-ۋاپ بېرىپتۇ.

### مەككەر سودىگەر ۋە موللازەيدىن

ئۇرپاندا بىر مەككار سودىگەر ھەر كۈنى سۇتكە سۇ قوشۇپ، خەلىقنى ئالداپ سېتىپ، بىر غوجۇن پۇل تېپىپتۇ. شۇ پۇل بىلەن ھەرەمگە بېرىپ كەلمەكچى بوپ-تۇ. ھەرەم تەرەپكە ماڭىدىغان كېمىگە ئول-تىرىپ، غوجۇنىنى كېمىنىڭ مومىسىنىڭ ئۇ-چىغا ئېسىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇخلاپ قاپتۇ. كېمىدىكى بىر مايمۇن مومىغا چىقىۋېلىپ پۇلنى بىرلەپ سۇغا تاشلاپ ئويناپ تۈ-گىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پۇلسىز قالغان سو-دىگەر ھەرەمگە بارالماي دەرت- ئەلەمنى موللازەيدىن ئېچىنغان بىر قىياپەتكە كېلىپ: موللازەيدىنگە كېلىپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەجەپ ئىش بوپتۇ. سۇنىڭ بەدىلىگە اكەلگەن پۇل يەنە قايتىپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ،— دەپ كوڭۇل ئېيتىپتۇ.

### خوتەندىن كەلگەن گەپچى

موللا زەيدىننىڭ گەپچىلىكى ھەممە يەر-گە ئاڭلىنىپ، تا ئالتىشەھەردىن خوتەنگىمۇ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ داڭقىنى اناڭلىغان خوتەنلىك بىر گەپچى موللا زەيدىن بىلەن گەپتە سىنا-شماقچى بولۇپ، خوتەندىن تۇرپانغا كەپ-تۇ. كەلسە ئۆيدە موللا زەيدىن يوق، چىرا-يلىق بىر قىز ئولتارغىدەك. خوتەنلىك گەپ-چى:

— موللا زەيدىن ئۆيدە بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

—دادامنى ئىزدەپ نېمە قىلاتتىڭىز؟— دەپتۇ قىز.

خوتەنلىك گەپچى بۇ موللا زەيدىننىڭ قىزى ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ئەتەي سوزمەن-لىك بىلەن:

دادىڭىزغا ئۆزۈملىغى خوتەندىن تۇرپانغا يەتكىدەك بىر پارچە گىلەم ئېلىپ كەلدىم. ئويۇڭلارغا سىغارمۇ؟— دەپتۇ.

موللا زەيدىننىڭ قىزىمۇ گەپچى ئىكەن، ئۇ شۇنداق دەپتۇ:

— سىزنىڭ ئەپكەلگەن گىلىمىڭىز دادامنىڭ تاماكا خالتىسىغىمۇ ياماق بولالمايدىكەن،— دەپتۇ.

خوتەنلىك گەپچى: «موللا زەيدىننىڭ قىزى مۇنچىلىك گەپچى ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆ-زى بىلەن قانداق بەسلىشىمەن»، دەپ ئوي-لاپ، موللا زەيدىن بىلەن كورۇشمەستىن ژۇتىغا كېتىپ قاپتۇ.

## قاناتلىق سوزلەر

بىرىنچى قازى خەلق،
ئىككىنچى قازى- تارىخ.

دانانىڭ ئەقلى- دەريا،
خەلقنىڭ ئەقلى- مۇھىت.

دوست- يارىنىڭ بولسىمۇ،
قەست- دۇشمەننىڭ ئاز دېمە.

ئىشى ياخشى قەست بولماس،
ئىشى يامان دوست بولماس.

ئەل- ژۇت- قازى،
ئەمگەك- تارازى.

بايلىقنىڭ ئېسىلى يەردە،
سوزنىڭ ئېسىلى ئەلدە.

كىتاپ- بىلىم بۇلىغى،
بىلىم- ھايات چىرىغى.

يۇكسەك مەنسەپ- بىر كۈنلۈك،
يۇكسەك مەخسەت- مىڭ كۈنلۈك.

ھايات ژۈكسىز ئارقىلاپ
داۋان ئاشار ئەر ژىگىت.

ھەق ئېگىلەر سۇنماس.

## ماقال ۋە تەمسىللەر

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغىچە،
ئەلنىڭ بالىسى بول.

ئەل بار يەردە ئەر بار،
ئەر بار يەردە ئەل بار.

ئەلدە ئابرويىڭ بولسا، ژۈكۈڭ
چولدە قالماس.

ئەرنىڭ ئىشى- ئەل بىلەن،
بىلگىنىگنى ئەلدىن ئايىما.

كۈنىنىڭ نۇرى يەر كوكەرتەر
ئەرنىڭ يولى- ئەل.

ياخشى ئەلنىڭ بالىسى،
جان بېرەر، قۇل بولماس.

بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.

يېرى باينىڭ ئېلى باي.

كوچەتنى كىم تىكسە،
سايىسىدا شۇ ئولتىرار.

تازنى ئەر بولمايدۇ دېمە،
سازنى يەر بولمايدۇ دېمە.



* * *

جامبۇل شەھىرى

مەدەنىي ھاياتىدىن

مەلۇم ئۇيغۇر سەنئەتچىسى رابىيەم مەمە-توۋا رەھبەرلىگىدىكى «ئاتەش» ناملىق ياش ئوسمۇرلەر ئانسامبلى قاتناشچىلىرىدىن لەيەرچى ش. مەمەتجانوۋا، راۋاپتا يا. سۇ-لېيمېنوۋ، ئاككوردېئوندا ب. بەھرىيېۋ، داپتا ئە. خۇدايبەرگەنوۋ.

* * *

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھىرى، فورمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82‒60‒62، 85‒39‒62. گېزىت‒ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس‒ 72877.

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com

1985
ژىل
ئاپرېل
№8 (202)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

## يېزىلار يېڭىلانماقتا

كوكچېتاۋ. ئوبلۇستا يېزا قۇرۇلۇشى ناھايىتى تەرەققىي ئەتتى. موشۇ بەش ژىللىقتا مەيدانى 650مىڭ كۋادرات مېتىر تۇرۇشلۇق ئۆيلەر، ئورغۇنلىغان مەكتەپلەر، مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن باللار مەھكىمىلىرى، كلۇبلار ۋە ئاغرىقخانىلار پايدىلىنىشقا بېرىلدى.

بۇ فاكتلار پارتىيە 26– سىيېزىنىڭ ۋە كپ‌س‌س مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى پلېنۇملىرىنىڭ تەلەپلىرىگە بىنائەن يېزىلاردا قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە سۈپىتىنى ئاشۇرۇش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان ئوبلۇسلۇق كېڭەشمىدە كەلتۈرۈلدى.

## ئالتۇن چاپان تېپىلدى

قاپچىغاي دېڭىزىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىن ئەجايىپ ئارخېولوگىيەلىك ئولجا تېپىلدى. يەر قېزىۋاتقان قۇرۇلۇشچىلار ئۇچتۇمتۇت ئالاھىدە بىر تاۋۇتقا دۇچ كەلدى. ئۇنى ئېچىپ قارىغاندا كۆن نۇرىغا چېقىلغاندا ۋال– ۋۇل پاقىراپ، كوزنى قاماشتۇرغان ئالتۇن، كۈمۈچ بىلەن بېزەلگەن چاپان چىقتى. بۇ ئولجا قازاقستان س‌س‌ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئارخېولوگىيە مۇزېيىگە يەتكۈزۈلدى.

ئالىملارنىڭ خۇلاسىسى بويىچە، بۇ چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانلىرىنىڭ بىرىسىنىڭ موردىسى بولۇپ چىقتى. ئالىملار بۇ چاپاندىكى ئالتۇن، كۈمۈچتىن ئىشلەنگەن نەقىشلەرنى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بۇ قەۋرىنى 13– ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا ئائىت دېگەن خۇلاسىگە كېلىشتى.

## غەلىبە بەيرىمى شەرىپىگە

ئاتاسۇ يېزىسىدا ئۇلۇق غالىبيەتنىڭ40 ژىللىقىغا بېغىشلانغان ھەۋەسكار سەنئەتچىلەر كوللېكتىۋلىرىنىڭ رايونلۇق كورۈگى بولۇپ ئوتتى.

ئۇنىڭدا كپ‌س‌س 25– سىيېزى نامىدىكى سوۋخوزنىڭ سەنئەتچىلىرى يازغۇچى ت. ئاختانوۋنىڭ «كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىش» ناملىق دراممىسىنى، «جېڭىس» سوۋخوزى سەنئەتچىلىرى «ئاسمىنىمىز ئوچۇق بولسۇن»، رايون مەركىزىدىكى ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى مەكتەپ كوللېكتىۋى «ھەر دايىم بولسۇن قۇياش» ناملىق ئەدەبىي– مۇزىكىلىق پروگراممىلارنى ئاماشىبىنلارغا تەۋسىيە قىلدى.

رايون ئەمگەكچىلىرى ئۇلارنىڭ ئويۇنلىرىنى قىزىقىپ كورۈشتى.

## خەلىق غۇرۇرى

يېقىندا «بۇراباي» كۇرورتىدىكى سەكېن سېيفۇللىن ناملىق كتاپخانىدا قازاق خەلقىنىڭ تۇنجا ئالىمى، دېموكرات چوقان ۋەلىخانوۋ تەۋەللۇدىنىڭ 150 ژىللىقىغا بېغىشلانغان «خەلىق غۇرۇرى» ناملىق كىتاپ كورگەزمىسى ئېچىلدى.

كورگەزمىگە س. مۇقانوۋنىڭ، س. ماركوۋنىڭ، س. بېگالىنىنىڭ ۋە باشقا يازغۇچىلارنىڭ چوقان ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى قويۇلغان. شۇنىڭدەك قازاقستان س‌س‌ر پەنلەر ئاكادېمىيەسى نەشرىياتىدىن چىققان چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ 5 توملۇق ئەسەرلىرى، ئالىمنىڭ ئايرىم ئەمگەكلىرى، ماقالىلىرى بىلەن خەتلىرى بېسىلغان كىتاپلىرى زىيارەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلماقتا.



بۇ ژىل گەرچە ۋۇرتىمىزغا باھار كېچىكىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئېتىز– ئېرىقلاردا ئىش بىردىنلا قىزىپ كەتتى. مول ھوسۇلنىڭ كاپالىتى بولغان ئۇسا قىلىش، ئۇرۇق چېچىش ئىشلىرى زور تەشكىلاتچانلىق بىلەن ئۇرگۇزۈلمەكتە. سۈرەتتە: ئالمۇتا ئوبلۇسى، «جاڭاتالاپ» كولخوزىنىڭ دېخانلىرى قىزىلچا تېرىماقتا.

## ۋ. ئى. لېنىن تەۋەللۇدىغا 115 ژىل



## قۇياش

قاپ– قارا زۇلمەت ئىچىدە تۇرۇپ،
قۇياشلىق ئاڭلارنى كۈتتى ئىنسانلار.
ئارزۇلار– ئارزۇ بوپ كۈتۈشلەر–
كۈتۈش،
ۋۇرەكتە يېشىلمەي قالدى ئارمانلار.

شۇ يوسۇن ئوتۇشتى قانچە باھار– ياز،
زۇلۇملار ئاخىرى چېكىگە يەتتى.
روسسىيە كوكىدە چاقنىدى چاقماق،
ئوكتەبر جەڭلىرى باشلىنىپ كەتتى.

پرولېتار سىنىپنىڭ غەيرىتى بىلەن،
ئېزىلگەن يوقسۇللار ئازاتلىق ئالدى.
كۈرەشچان ئەجداتلار ئارزۇ قىلغاندەك،
تارىختا مىسلىسىز دۇنيا يارالدى!

روسسىيە ئۈستىدە ئاتتى سۈزۈك تاڭ،
جاھانغا نۇر چېچىپ چىقتى بۇ قۇياش.
شۇ قۇياش نۇرىدا ياشنىدى ۋەتەن،
باھاردا ياشارغان گۈلباققا ئوخشاش.

ئۇ قۇياش نۇر چېچىپ تۇرىدۇ ئەنە،
دۇنياغا كورسىتىپ ئازاتلىق يولىن.
ئېزىلگەن ئەللەرگە ئازاتلىق بەرگەن،
نۇر قۇياش دېگىنىم– ئەلئىچ لېنىن!

لېنىننىڭ تۇغىنى كوتىرىپ ئېگىز،
يول باشلاپ كېلىدۇ پارتىيەم مېنىڭ.
پارتىيە پەيۋەندۇر لېنىنغا ھامان،
لېنىن– ئۇ پارتىيە، پارتىيە– لېنىن!

## قازاقستان

سوۋېت ئېلى بىر گوزەل باغ ياشناپ
تۇرغان،
ئاسمىنىدا قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان.
سوۋېتلەر ئېلىنى بىر باغ دېسەم،
شۇ باغنىڭ بىر گۈلشىنى– قازاقستان.

قازاقستان– قۇتلۇق ماكان، ھادىس
تولۇق،
قوينى كەڭ، سۈيى ئەلۋەك، بايلىق
تولۇق.
باغرىدا ئاسمان پەلەك تاغلىرى بار،
ئېدىر، تۈز، دالالارنىڭ پايانى يوق.

شەرقىتە ئالتاي دېگەن قالقىنى بار،
غەربىتە كاسپىي دېڭىز تولقۇنى بار.
كوكسىدە بەخت كۈيى جاراڭلايدۇ،
قاينىغان قايناق ھايات شاۋقۇنى بار.

ئالىتاغ–ئاق مالخىينى كىيىپ تۇرغان،
كۈندۈز كۈن، كېچىسى ئاي قۇچۇپ
تۇرغان.
ھەيۋەتلىك، ئېگىز– ئاپپاق چوققىلىرى،
كوك بىلەن قۇچاغلىشىپ كۈلۈپ
تۇرغان.

ئالتاغنىڭ مەغرۇر قاراپ تۇرۇشىدا،
قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ غۇرۇرى بار.

شۇ غۇرۇر كۈرەشلەردە يېڭىپ چىققان،
شۇ غۇرۇر تېنچ ھاياتتا خەلقىمگە يار.

گۈللەنگەن ئېلىم مېنىڭ– قازاقستان،
ئىلىم– پەن، مەدەنىيەت چېچەك ئاتقان.
ئۇتۇغى يەر يۈزىنى تاڭ قالدۇرۇپ،
دىيارىم قوينىدىن كائىناتقا ئەرلەر
ئۇچقان.

قوينۇڭدا خەلقىڭ خوشال سايرىشىدۇ،
بەختىنى قوشاق قېتىپ سايرىشىدۇ.
قېرىلار ئۇتىسە راھەت– پاراغەتتە،
ياشلىرىڭ شوخ ئەركىلەپ ئوينىشىدۇ.

قازاقستان دۇنياغا تەڭ بويۇڭ سېنىڭ،
چېچەكلەپ، گۈلگە تولغان قوينۇڭ
سېنىڭ.
دوستلىرىڭ سېنى قۇتلاپ كېلىشىدۇ،
مۇبارەك شانلىق يېڭىش تويۇڭ سېنىڭ!

قازاقستان– ماختىنار پەخرىم مېنىڭ،
ئالمۇتام– شانلىق پايتەختىم مېنىڭ.
شەنىڭگە شېئىر يازدى شائىر ئوغلۇڭ،
شەنىڭنى كۈيلەپ ئوتۇش– بەختىم
مېنىڭ.

س. ئابدۇراخمانوۋ.

1985
ژىل
ماي
№9 (203)
باھاسى
2 كىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

## ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىدا سوۋېت خەلقىنىڭ قازانغان غەلبىسىگە 40 ژىل

قويىشلىق باھاردا كوپ مىللەتلىك بىزنىڭ ئۇلۇق دىيارىمىزنىڭ ھەممە خەلقلىرى ئۆزىنىڭ ئەزىز ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت تۇيغۇلىرى، مەغرۇرلۇق ۋە ھاياجانلىق ھىسسىياتلىرى ئىچرە ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ قىممەتلىك سەنە- بۈيۈك غالىبىيەتنىڭ 40 ژىللىقىنى تەنتەنىلىك، شادۇ- خورام بەيرەملىدى. فاشىزمنىڭ ئەشەددىي ياۋۇزى، قارا كۈچلىرىنى تار-مار كەلتۈرۈپ، جاھانغا تىنچلىق ئېلىپ كەلگەن بۇ تارىخىي غەلىبىمىزنى بىز بى- ئىدىيىلىرى تىنچلىق ئىدىيالىرى بولۇپ، ئۇلار پلانىتىمىزدىكى بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەرگە قىممەت ھەم ئەزىزدۇر.

تىنچلىق يولىدىكى مۇقەددەس كۈرەشكە دەۋەت قىلغان مەزكۈر مۇراجەتتە بىزنىڭ ئۇلۇق غالىبىيىتىمىزنىڭ دۇنياۋىي- تارىخىي ئەھمىيىتى، فاشىزمنى ۋە تەجاۋۇزنى تار- مار قىلىشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەل قىلغۇچى رول ئوينىغانلىقى ۋە بۈگۈنكى كۈندە يېڭى ئۇرۇش خەۋپىغا، يادرولۇق قىرغىنچىلىق خەۋپىغا

مەخسەت- سەۋەپنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇزاكىرە، سوھبەت ياردىمىدە بىر تەرەپلىك قىلىپ بولمايدىغان خەلق ئارا مەسىلىلەرنىڭ موجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقلەرنى ۋە دولەتلەرنى، ئۇلارنىڭ پارلامېنتلىرى بىلەن ھوكۇمەتلىرىنى كوسموستا، شۇنداقلا يەر ئۈستىدە كوپلەپ قوراللىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يادرو قوراللىنى چەكلەش، قىسقارتىش، ئاندىن يادرو قوراللىنى تولۇق يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر چارىلارنىڭ ھەممىسىنى كورۈشكە دەۋەت قىلىدۇ.

ئۇلۇق غالىبىيەتنىڭ 40 ژىللىقىنى بەيرەملىگەن ژىلدا سوۋېت ئىتتىپاقى بىرىنچى بولۇپ يادرو قوراللىنى قوللىنىشلىق خۇسۇسىدا بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىنى ئەستىقلەيدۇ ۋە باشقىمۇ يادرو قوراللىغا ئىگە دولەتلەرنى ئەينە شۇنداق مەجبۇرىيەتلەر ئېلىشقا چاقىرىدۇ.

فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، شۇنداقلا ئۇرۇش تامام بولغاندىن كېيىنكى دەۋردە تۇغۇلغان كىشىلەرنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى، ئىنسانلارنىڭ ھايات كەچۈرۈش ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۈيۈك غالىبىيەتنىڭ 40 ژىللىقى خەلقلەر بىلەن دولەتلەرنىڭ خەلق ئارا ۋەزىيەتنى ساغلاملاشتۇرۇش، تىنچلىقنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى ئۇمۇمىي كۈچ- غەيرىتىگە يېڭى قۇدرەتلىك سۈرئەت بېرىدىغان بولسۇن.



غەلىبە ساليۇتى.

## بىزنىڭ يۈكسەك ئىدىيالىمىز

لەن بىللە پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەللەردىكى قېرىنداشلىرىمىز، بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئىنسانىيەت كەڭ تۈردە نىشانلاپ ئۆتتى.

40 ژىلدىن بۇيان بىز تىنچلىق شارائىتىدا ھايات كەچۈرۈپ، تىنچلىق يولىدىكى ئەمگىكىمىزنىڭ ئازۇ- نېمەتلىرىنى، ساھاۋىتىنى، ھالاۋىتىنى كورۈپ كەلمەكتىمىز. تىنچلىق- بىز بەرگەن سانسىز قۇرۇبانلار بەدىلىگە كەلگەن بۈيۈك بەختتۇر.

مانا شۇڭلاشقا ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ تاماملىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن ك پ س س مەركىزىي كومىتېتى، س س س ر ئالىي سوۋېتى ۋە س س س ر مىنىسترلار سوۋېتىنىڭ بارلىق دولەتلەر خەلقلىرىگە، پارلامېنتلىرىغا ۋە ھوكۇمەتلىرىگە يوللىغان مۇراجىتىگە جاھان خەلقلىرى ئىنتايىن زور ئىشتىۋار بەرمەكتە. بۇ تەبىئىدۇر. چۈنكى غالىبىيىتىمىز

قارشى، تەجاۋۇزغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش زورۇرلىگى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. بۇ ھەممىنىڭ ئورتاق ئىشى ۋە ئورتاق مەنپىئىتىدۇر.

يەر- جاھان- بارلىق خەلقلەرنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق دەرگاھىدۇر. سوۋېت خەلقىگە باشقىلارنىڭ يەرلىرى كېرەك ئەمەس. شۇنداقلا بىز باشقىلارغا ئۆزىمىزنىڭ ھايات تەرزىمىزنى تاڭمايمىز. سوۋېت ئىتتىپاقى ھېچ قاچان ھېچكىمگە ھۇجۇم قىلمىغان. بىزنىڭ يۈكسەك ئىدىيالىمىز- ئومۇمىي يۈزلۈك قوراللىسىزلىنىش ۋە مۇستەھكەم تىنچلىقتۇر. شۇڭا تىنچلىقنى ھىمايە قىلىش سوۋېت دولىتىنىڭ ئالىي مەخسىتى بولغان ۋە شۇنداق بولۇپ قالىۋېرىدۇ.

بىز ئىشىنىمىزكى، ئۇرۇشنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ھادىسە ئەمەستۇر. يادرولۇق ئۇرۇشنى باشلاشنى ئاساسلايدىغان ھېچ بىر

روقىيە خانىم

## ژۈرەك ئالقىشى

ئەي، ئەزىز بەختىيار سوۋېت خەلقلىرى،
يايرىغان تىنچلىقنىڭ كەڭ قۇچىغىدا.
ئاق نىيەت ئىنسانلارنىڭ پاك قەلبلىرى،
سالام يوللار ئالقىشلاپ شاتلىق زوقىدا.

ئەي، ئالماس بىلەكلىك باتۇر ئىشچىلار،
ئوتكۇر ژۈرەكلىك مەردانە دېخان.
مۇبارەك ئەڭ ئۇلۇق غالىبىيەت كۈنى،
ۋەتەننىڭ قورغىنى، شانلىق قەھرىمان.

سىلەرگە مەڭگۈلۈك شوھرەت يار بولغاي،
ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى ئوچەرگەن جانلار.
گىتلېر فاشىزمنى ئىتقىپ گورىگە،
يېڭىشنىڭ گەشتىنى سۈرگەن ئىنسانلار.

ئەسسالام، دۇنيانىڭ تۈۋرۈگى بولغان،
سوۋېتلەر ۋەتىنى-داڭقى ئەڭ يۈكسەك.
باراۋەر ئەركىن ھەم ھوقۇقى، ئىناق،
دوست، دىلكەش رۇس، قازاق، ئۇيغۇر
ھەم ئوزبەك.

ۋەتەننىڭ گۈلستان قوينىدا يايراپ،
كۈلسەڭلار، ئۈمۈتتە بىز كوز تىكىمىز.
خاتىرجەم ھايات ۋە تىلەپ ياخشىلىق،
سىلەردىن ھەر ئىشتا ئۈلگە كۈتۈمىز.

ئاۋغانستان.



سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەھرىمانى قۇدايبېرگېن سۇراغانوۋ مەكتەپ باللىرى ئارىسىدا.

1985
يىل
ئىيۇن
№12 (206)
باھاسى
2 تيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى



زەمزە قىرىقباييۋ ئۇست-كامېنوگورسك شەھىرىدىكى بىرىنچى ئاۋتوپاركتا 21 يىلدىن بېرى شوفيور بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ھەر يىلى ئوز ماشىنىسىدا 100 مىڭ كىلومېتردىن ئارتۇق يول ماڭىدۇ. زەمزە ياش شوفيورلارنىڭمۇ مەسلىھەتچىسى. سۈرەتتە: (سولدىن ئوڭغا) زەمزەنىڭ ئايالى باقىت، زەمزە، ئوغۇللىرى باۋىرجان بىلەن مەخسەتلەر.

گېزىتخانلار خەتلىرىدىن

## بىزگە تىنچلىق كېرەك

گېزىتنى ئوز ۋاقتىدا ئەۋەتىپ تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەخمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭدا ئېلان قىلىنغان خەت- خەۋەر، ماقالىلاردىن ئوزەمنىڭ سەۋىيەمنىڭ يېتىشچە نەپ ئالماقتىمەن. ماڭا روھىي ئوزۇق بولماقتا. ئۇرۇش مەردانىلىرىنىڭ باشتىن ئوتكەزگەن قىيىنچىلىقلىرىنى، جۇمھۇرىيىتىمىزدە ئادەملەرنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىزگۈ ئىشلارنى، ئالىملار، يازغۇچىلار، ئەمگەك مەردانىلىرى، جەمىيەت ئەربابلىرى ھەققىدىكى ماقالىلارنى، ماقال-تەمسىللەرنى چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلارنىڭ خەتلىرى بىلەن شېئىرلىرىنى كوڭۇل قويۇپ ئوقۇيمەن. مەن ئىستىقامەت قىلىدىغان يەردە ئەرىچە ئوقۇشنى بىلىدىغانلار ئازىراق. شۇڭلاشقىمۇ گېزىتتا ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللارنى مەزمۇنىغا قاراپ ياشلار بىلەن ياشانغانلارغا ئوقۇپ بېرىمەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى تامام قىلغان ئىككى ئوغلۇم ئېلىپبە دەرسلىگىدىن پايدىلىنىپ، «بىزنىڭ ۋەتەنني» ئوقۇيالايدىغان بولدى. بىرسى ئالمۇتىدىكى قازاقستان دولەت دارىلفۇنۇنىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئەرەپ بولۇمىگە ئوقۇشقا چۈشتى.

ئۇرۇش قۇرۇانى بولغان ياش يازغۇچى باۋبېك بۇلقىشېۋنىڭ گېزىتنىڭ بۇ يىل فېۋرالدىكى 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان ھايات ۋە ئولۇم ھەققىدىكى تەسراتلىرىنى ئوقۇدۇم. بۇ ماقالا مېنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرۇپ، قاتتىق تەسىر قىلدى.

مەرھۇم باۋبېكنىڭ قازاق خەلقىنىڭ يېتىشكەن، بىلىملىك، ئېسىل پەرزەنتلەرگە ئىگە، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنسانلارغا تىنچلىق ھايات، بەختلىك كېلەچەكنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كېلەچەككە دېگەن ئارمانلىق ۋەسىيەتلىرىدىن روشەن كورۇشكە بولىدۇ.

ئامال قانچە، مۇرات- مەخسەتكە يېتەلمەي، ياش كېتىپتۇ. ئەنە شۇنداق ئېسىل يىگىتنىڭ ۋاقىتسىز غازاك بولۇشىغا ئېمىس فاشىستلىرى ئاچقان ئۇرۇش سەۋەپ بولدى. ئەنە شۇ توكۇلگەن قانلار بەدىلىگە كەلگەن تىنچلىقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا كورەش قىلىش بارلىغىمىزنىڭ مۇقەددەس بورچىمىز. ئۇرۇشقا يول قويۇلمىسۇن!

مەن 1916- يىلى تۇغۇلدۇم. قارىسام باۋبېك بىلەن تەڭتۇش ئېكەنمەن. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قالدۇرغان ۋەسىيەتلىرىدىن ئالغان تەسراتلىرىمنى ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. بۇلقىشېۋنىڭ نامى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ. مىڭلىغان ئەر يۈرەك باتۇرلىرىمىز ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن جەڭ قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن بۇ بەخت- تىنچلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قالايلى دېمەكچىمەن.

**ئاقات كەربايېۋ،**
**پېنسىئونېر.**

### ئاۋتوموبىل مارشرۇتلىرى كوپەيدى

**ئۇرال.** ھازىرقى ۋاقىتتا ئوبلۇسلۇق ئاۋتوموبىل باشقارمىسىنىڭ ئاۋتوبۇسلىرى بارلىق ئۇرال تەۋەسىدە قاتنىماقتا. ئاۋتوبۇسلارنىڭ ئىككى يۈزىنچى مارشرۇتى- سول قىرغاقنىڭ ئەڭ يىراق رايون مەركىزى- قاراتوبە پوسيولكىسىغا بارىدىغان مارشرۇت ئېچىلدى. بەش يىللىق ئىچىدە ئوبلۇستا قىرىققا يېقىن يېڭى ئاۋتوبۇس مارشرۇتى پەيدا بولدى. ئاۋتوبۇس مارشرۇتلىرىنىڭ مۇنداق كەسكىن كوپىيىشى- ئاسفالىتلانغان يوللار تارمىغىنىڭ پلانلىق كېڭەيتىلىشىنىڭ، ئاۋتوستانسىيەلەر قۇرۇلۇشىنىڭ، بارلىق مەنپىياتدار تەرەپلەرنىڭ كۈچ- قۇۋۋەتلىرىنى بىرلەشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدە مۇمكىن بولدى. مەسىلەن، قىشتا كوپلىگەن سوۋخوزلار بىلەن كولخوزلاردا ئاۋتوترانسپورتچىلار ئۈچۈن ئىسسىتىلغان بولمىلەر بېرىلىدۇ. ئاۋتوموبىللارغا ماي قۇيۇش ستانسىيەلىرى ۋە كىچىك مېھمانخانىلار سانى خېلە كوپەيدى.

**(قازتاگ).**

### كۈزلۈك بۇغداي يىغىۋېلىندى

**تالدىقورغان. (قازتاگ)** كىرووۋ رايونىنىڭ ئېگىلىكلىرىدە كۈزلۈك قارا بۇغداي يىغىشتۇرۇش ئىشى تامام بولدى. ھاۋا رايىنىڭ قولايسىز شارائىتىدىمۇ قارا بۇغدايدىن ياخشى ھوسۇل ئېلىندى. ھەر گېكتاردىن 80—90 سېنتنېردىن كوك چېپىلدى. بارلىق جايلاردا بۇ كوكنى سىيىرلارغا بېرىشتىن كوپ پايدا ئېلىنماقتا. «ئېگىبېكشى» سوۋخوزىدا ھازىرنىڭ ئوزىدە پلاندىن تاشقىرى مىڭ سېنتنېردىن ئوشۇق سۈت سېغىلدى.

كىرووۋلىقلار يەم- چوپ زاپاسىنى ھاسىل قىلىش مەخسىتىدە قارا بۇغداي تېرىلغۇسىنى كەڭەيتىشنى قارار قىلدى. سۇ بىلەن ياخشى تەمىنلەنگەن ئەڭ ئۈنۈملۈك يەرلەردە ئۇرۇق مەيدانلىرى قالدۇرۇلدى، ئۇلار ياخشى پەرۋىش قىلىنماقتا. بۇ يەم- چوپ تېرىلغۇلۇقلىرىنى يەرلىك ئۇرۇق بىلەن تەمىنلەشكە ئىمكانىيەت بېرىدۇ.





بۇلار فېستىۋالغا بارىدۇ

سېلىنوگراد شەھىرىدىكى ئون ئالتە مىللەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىل قىلىنغان «ئالماگۈل» ئانسامبلى موسكۋا فېستىۋالىغا ئىشتىراك قىلىدۇ. سۈرەتتە: قازاق خەلق ئۇسسۇلى «بايرام». 2. ناخشىچى قارلىغاش ئەسىموۋا خەلق كوڭلىدىن چىققان ياش تالانت ئېگىسى.

1985
ژىل
ئىيۇل
№14 (208)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەمىلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

بۇ ژىل ئالمۇتا ئوبلۇسى، ئۇيغۇر رايونى «ئەمگەك» كولخوزىنىڭ دېھقانلىرى 2000 گېكتاردەك يەرگە كۈزلۈك، يازلىق بۇغداي ۋە كوموقوناق زىرائەتلىرىنى تېرىپ، ئۇلارنى ئاگرو تېخنىكا قائىدىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىش ئاساسىدا بېقىپ مول ھوسۇل يېتىشتۈردى. كولخوزدىكى ئىلغار ئۈنۈملارنىڭ بىرىسىنى قازاقستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن يېزا ئىگىلىكى خادىمى تايىر دېسەكوۋ باشقۇرىدۇ.

سۈرەتتە: داڭلىق دېھقان تايىر دېسەكوۋ ئېتىزلارنى ئارىلاپ، مائىلاي تەرىنىڭ ئەجرى بولغان بولۇق ئاشلىقتىن مەمنۇن بولماقتا.



## شېئرىيەت بەيرىمى

بۇ ژىل ئۇلۇق شائىر ئاباينىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 140 ژىل تولدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەمەي تەۋەسىدە زور مۇشائىرە مەرىكىسى ئۆتكۈزۈلدى. ئەنئەنىلىك شېئرىيەت كۈنلىرى ئوبلۇس مەركىزىدىن باشلاندى. ئۇنىڭغا ئەدەبىيات شەيدالىرى ژىغىلدى. بۇ مۇشائىرە مەرىكىسىگە ئالمۇتىدىن، تاتارستان ئاسسىردىن شائىر- يازغۇچىلار كەلدى. قازاقستان يازغۇچىلار ئىتتىپاقى باشقارمىسىنىڭ سېكرېتارى ت. مولداغالىيېۋنىڭ، شائىر م.ئەلىمبايېۋنىڭ، مەرىكىگە قازاندىن مەخسۇس كەلگەن مېھمانلار ي. يۈزىيېۋنىڭ، م. خۇسەيىنىنىڭ، ر.زاتائۇلىنىڭ ئۇلۇق ئاباي ھەققىدە ھاياجان بىلەن ئېيتىلغان سۆزلىرىنى، بۈيۈك شائىرغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئۈزۈندىلەرنى قاتناشقۇچىلار سەمىمى قوبۇل قىلدى.

ئىككىنچى كۈنى شائىر- يازغۇچىلار ئاباي رايونىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يول ئۈستىدە مۇدھىش دەۋرىنىڭ قۇرۇۋانى بولغان ئېڭلىك بىلەن كېبەك ھەيكىلى ئالدىدا بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراناۋۇلدا بولۇپ، رايون چوپانلىرىنىڭ تويىغا قاتناشتى. يازغۇچىلار ئاباي ھەيكىلى ئالدىغا گۈل چەمبەرلىرىنى قويدى. بۇ گۈلمەز دوستلۇق ئالبىسىغىمۇ قويۇلدى.

مۇشائىرە كېچىنى رايون رەھبەرلىرىدىن خ. ماتايېۋ ئاچتى. چوپانلار نامىدىن «ئانابىرالى» سوۋخوزىنىڭ قويچىسى، رايون چېمپىيونى ر. ئۇسپانوۋا مېھمانلارنى تەبرىكلىدى. مەزكۇر رايوندىكى مەكتەپلەرنى تامام قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كام بولغاندا ئاباينىڭ 100 قۇردىن شېئىرىنى ياتقا ئېلىشىمۇ مېھمانلارنى خوشال قىلدى.

مۇشائىرە كېچىنىڭ ئىككىنچى قىسمى قازاقستان لېنىن كومسومولى مۇكاپىتىنىڭ لائۇرېياتى «قالامقاس» ئانسامبلىنىڭ كونسېرتى بىلەن داۋاملاشتى. ئۇنىڭدا ئاقىنىنىڭ مۇزىكىلىق ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ شېئىرىغا يېزىلغان ناخشىلار ئىجرا قىلىندى. قاراناۋۇل دوگى ئېتىگىدە ئۆتكەن «ئالتىباقان» ئويۇندا ئاباي ھاياتىغا بېغىشلانغان كومپوزىتسىيەمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

شەنبە كۈنى ئەمگەك بىلەن پوئېزىيە مەرىكىسى يەنە داۋاملاشتى. بەيرەملىك مىنبەر ئالدىدىن سوۋخوزلار كولونىسى ئەمگەك كۆرسەتكۈچلىرىنى، شائىر ھاياتى بىلەن ئۇنىڭ ئىجادىنى تەسۋىرلەيدىغان سۈرەتلەرنى ئېلىپ ئۆتتى.

شۇنداق قىلىپ شەمەي زېمىنىدا ئۆتكەن ئاباي شېئرىيىتى بەيرىمى سەنئەت بىلەن ئەمگەك بىرلىكىنىڭ يارقىن نامايىشى بولدى.

## «ياشلىق»- جاھان فېستىۋالىنىڭ ئىشتىراكچىسى

بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل دۇنيادىكى تەرەققىيپەرۋەر ياشلارنىڭ نوي- پىكرى موسكۋادا ئۆتۈدىغان ياشلار ۋە ستۇدېنتلارنىڭ 12- خەلق ئارا فېستىۋالىدا بولماقتا. ھەممىلا يەردە ئۇنىڭغا قىزغىن تەييارلىق كۆرۈلدى. جۈملىدىن، قازاقستان لېنىن كومسومولى مۇكاپىتىنىڭ لائۇرېياتى، «ياشلىق» ئانسامبلىنىڭ كوللېكتىۋمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ، فېستىۋال ئىشتىراكچىسى بولدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇمھۇرىيەتلىك دولەت ئۇيغۇر تىياترىنىڭ دىرېكتورى ھەم مەزكۇر ئانسامبلىنىڭ بەدىي رەھبىرى، قازاقستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن ئارتىست مۇرات ئەخمەدىيېۋ تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى:

— ئانسامبلىمىزنىڭ ياشلار ۋە ستۇدېنتلارنىڭ 12- خەلق ئارا موسكۋا فېستىۋالىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقى توغرىلىق خەۋەرنى تىياترىمىزنىڭ بارلىق كوللېكتىۋى ناھايىتى چوڭ ھاياجان ۋە خوشاللىق ئىلكىدە قارشى ئالدى.

فېستىۋالغا قاتنىشىدىغان ئانسامبلىنىڭ ئاساسىي تەركىۋى چەت ئەللەرگە بېرىپ، ئۆز ھۈنەرلىرىنى نامايىش قىلىپ، تاماشىبىنلار ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان مارات مەمەتباقىيېۋ، يالقۇن شەمىيېۋ، گۈلبوستان سەدۋاقاسوۋا، گۈلباھار ئەخمەدىيېۋالار ئوخشاش تەجرىبىلىك ئارتىستلار بىلەن بىللە دىلمۇرات رەزاموۋ، ئابلەھەت ئىسلاموۋ، ئەزىز مەسىموۋلاردىن تەركىب تاپقان 15 كىشىدىن ئىبارەت. ئەندى ئانسامبلىمىزنىڭ رېپېرتۇئارىغا كەلسەك، ئۇنى جاھان خەلقلىرى تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن تولۇقتۇردۇق. فېستىۋال كۈنلىرى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن كوللېكتىۋ س س س ر خەلقلىرى ناخشىلىرى بىلەن بىرلىكتە نېمىس، پولەك، ۋېنگېر، رۇمىن، ئاۋغان خەلقلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆگەندى. ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى بىر يېرىم سائەتلىك كونسېرت پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كونسېرت قويۇدىغان كلۇبلار، ئېستراندا مەيدانچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئورنى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، بىز قەيەردە ئويۇن كۆرسەتمەيلى، ھەممىلا يەردە ئۆز ھۈنىرىمىزنى يابىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلاپ، نەچچە مىڭلىغان سەنئەت ئىشقىۋازلىرىنىڭ چوڭ ئىشەنچە ۋە ئۈمۈتىنى ئاقلاشقا بارلىق كۈچ- قۇۋۋىتىمىزنى سەرپ قىلىمىز. بۇ ياش ئۇيغۇر سەنئەتچىلىرىنىڭ ياشلارنىڭ ۋە ستۇدېنتلارنىڭ 12- جاھان فېستىۋالىنىڭ «جاھانگىرلىككە قارشى ھەمجەھەتلىك، تېچلىق ۋە دوستلۇق ئۈچۈن!» دېگەن شارىنى قوللاپ- قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قوشقان ئۈلۈشى بولغۇسى.



سۈرەتتە: «ياشلىق» ئېستراداانسامبلى ئارتىستلىرىنىڭ بىر گرۇپپىسى.

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
ئەڭگىلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

1986
ژىل
يانۋار
№1 (219)
باھاسى
2 تىيىن

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- ژىلى دېكابىردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

1986

## يېڭى ژىل تېچلىق ژىلى بولسۇن

ئاق نىيەت، زور ئۈمۈت بىلەن يېڭى ژىل بوسۇغىسىنى ئاتلىدۇق. ئۆتكەن ژىل ياخشى مۇۋاپپەقىيەتلەر ژىلى بولدى. دۇنيادىكى بارلىق خەلىقلەرنى ۋاھىمىگە سالدىغان بىرلا نەرسە ئۇرۇش خۇۋپى ئىدى. بەزىبىر ئەللەردىكى توقۇنۇشلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، چوڭ ئۇرۇشقا دۇچار بولماي ئۆتتۇق. بىز، سوۋېت خەلقى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سوۋېت خەلقىنىڭ، سوۋېت دۆلىتىنىڭ بىجانىدىل كۈرەش قىلىۋاتقان خەلىقلەرنىڭ تېچلىق يولىدىكى باشلامچىسى ئىكەنلىگى بىلەن مەغرۇرلىنىمىز.

سۆزىمىزنىڭ بېشىدا زور ئۈمۈت بىلەن دېدۇق. شۇ ئۈمۈتنىڭ ئۆزى- يېڭى ئۇرۇشنىڭ قارا بۇلۇتىنى تارقىتىپ، يەر يۈزىدە پارلاق تېچلىق ئورنىتىمىز، دېگەن ئۈمۈت. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى 1986- ژىل تېچلىق ئۈچۈن كۈرەش ژىلى بولسۇن، دەپ ئېلان قىلدى. بۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تىلىگى. ئەڭ كۈچلۈك ئىككى مەملىكەت- س س س ر بىلەن ئاقش رەھبەرلىرى ئۆتكەن كۈزدە جەنۋەدە ئۇچرىشىپ سۆزلەشكەندە، يادرولۇق ئۇرۇش ھېچ ۋاقىتتا باشلانماسلىغى كېرەك، ئۇنداق ئۇرۇشتا بىرسى غالىپ، بىرسى مەغلۇپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، دېدى. ئۇلار ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا يادرولۇق ۋە باشقىمۇ ئۇرۇشلارنى بولدۇرماسلىقنىڭ زور ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتى. ئۇلار ھەر ئىككى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسىسى ئۇرۇش كۈچى تەرىپىدىن ئېشىپ كېتىشىنى كۆزلىمەيدۇ، دېدى.مانا، يېڭى ژىلدا زور ئۈمۈت پەيدا قىلىۋاتقان ئەنە شۇ سۆزلەر، شۇ ۋەدىلەردۇر. تېچلىق بىردىنلا ئورناپ قالماس، بىراق بارلىق ئادەمزات بىر- بىرىنى چۈشىنىپ، بىرلىشىپ كۈرەش قىلسا، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ. بىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئېيتقان سۆزىدە تۇرىدىغانلىغىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئۆتكەن ژىلى بىزنىڭ ئېلىمىزدا دۆلىتىمىزنىڭ كۈچ- قۇۋىتىنى ئاشۇرۇپ، خەلىق پاراۋەنلىگىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدا بىر قاتار ئىشلار ئەمەلگە ئاشتى. مەسىلەن، قازاقىستان دېخانلىرى پايانسىز دالامىزدا ئاشلىق ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ساگلىرىغا 830 مىللىون پۇتقا يېقىن ئاشلىق ئۆتكەزدى. بۇ تېچلىق ھاياتنىڭ مېۋىسى. بۇ ساھادا يېڭى ژىلدا تېخىمۇ زور ئىشلار قىلىنغۇسى. چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش ساھالىرىدىكى ئىشلارنى ئېيتمىغاننىڭ ئۆزىدىلا، خەلىقنىڭ ساقلىغىنى ساقلاش، تۇرمۇشىنى، مەدەنىيىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە قانچىلىك ئىشلار پىلانلانماقتا! ئېيتايلى، 6 مىللىون كۋادراتنى مېتىردىن ئارتۇق تۇرۇشلۇق ئۆيلەر سېلىنىدۇ... ئۇزۇنلىغى 1000 كىلومېترغا يېقىن سۇ ئوللىرى، ئىسسىتىش لايىھىلىرى تارتىلىدۇ... 1986- ژىلى يېزىلاردا 2 مىللىون كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق تۇرۇشلۇق ئۆيلەر رېمونت قىلىنىدۇ... كۈندۈزى ئۇمۇمىي بىلىم بېرىدىغان مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 3 مىللىوندىن ئاشىدۇ... مەكتەپ يېشىغا قەدەر باللار مەھكىمىلىرىدە بىر مىللىون 31 مىڭ بالا تەربىيىلىنىدۇ... ئاغرىقخانا ئورۇنلىرى يەنە 2 مىڭ كارۋاتقا كۆپەيتىلىدۇ. 1986- ژىل پىلانلىرىنىڭ قايسى ساھاسىغا كۆز ژۈگۈرتمەيلى خەلىق پاراۋەنلىگىنى كۆزلىگەن قۇرلارنى كۆرىمىز. شۇڭلاشقىمۇ خەلقىمىز يېڭى ژىلنى ئادىل نىيەت، ياخشى تىلەكلەر بىلەن قارشى ئالماقتا.

ئۆتكەن ژىل ئىچىدە بىزنىڭ «ۋەتەن» جەمىيىتىمۇ بىر قاتار ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىلگىرى قەيەردە، قانچە، كىم ئىكەنلىگى نامەلۇم بولغان، چەت ئەللەردە چېچىلاڭغۇ ھالدا ژۈرگەن قازاق، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بۇ كۈنلەردە «ۋەتەن» جەمىيىتى بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاپ، ئېلىنى، تۇغۇلغان ژۇرتىنى تونۇماقتا. ئۇلار مەزكۇر جەمىيەت ئارقىلىق ئۆز ئانا تىللىرىدا گېزىت، كىتاپ ئوقۇيدىغان بولدى. قوللىرىغا سازلىرىنى ئېلىپ، ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ غەزەللىرىنى كۈيلەيدىغان بولدى. كۆپچىلىگى خەت يېزىپ، ئەل- ژۇتىغا ئىسسىق سالام يوللايدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، پەن ۋە مەدەنىيەتتىكى تەرەققىياتى، تېچلىق يولىدىكى كۈرىشىگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ.

«ۋەتەن» جەمىيىتى بۇ ئىزگۈ ئىشلىرىنى يەنىمۇ ژۇقۇرى پەللىگە كۆتەرمەكچى. ۋەتەنداشلىرىمىزغا بېغىشلاپ گېزىت، كىتاپ، پاتىفون تەخسىلىرىنى يەنىمۇ كۆپلەپ ئەۋەتىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياش ۋەتەنداشلىرىمىز قازاقىستاندىكى ئالىي بىلىم ژۇرتلىرىدا ئوقۇغۇسى كېلىدىغانلىغىنى ئىزھار قىلىشماقتا. جەمىيەت ئۇلارنى ئوقۇشقا ئالدۇرۇشنىڭ چارە- تەدبىرلىرىنى كۆرمەكتە. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يازلىق تەتىل مەزگىلىدە قازاقىستانغا كېلىپ، باللارنىڭ دەم ئېلىش جايلىرىدا بولۇپ ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن تونۇشۇپ، دەم ئېلىپ قايتىشىنى تىلەيمىز. ھەر ژىلقى ئادىتىمىز بويىچە قازاقىستانغا مېھمانغا كېلىپ قايتىدىغان ۋەتەنداشلارمۇ بولىدۇ. يېڭى ژىلدا باشقىمۇ ئىزگۈ ئىشلار بولغۇسى.

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار، «ۋەتەن» جەمىيىتى، «بىزنىڭ ۋەتەن» گېزىتى تەھرىراتى سىزلەرگە يېڭى ژىللىق سالام يوللايدۇ. يېڭى ژىلدا بەختلىك بولۇڭلار، ئائىلە تەۋەلىرىڭلارغا خۇشاللىق، تىنىڭلارغا سالامەتلىك تىلەيمىز.

**يېڭى ژىل تېچلىق ژىلى بولسۇن.**

زىيايىدىن قاھاروۋ

### يېڭى ژىل تىلىگى

ھەر ئۆيدە مەيرەم، شاتلىق، تەنتەنە،
قەدەھلەردە مەي، كۆكۈللەر ئۈستۈن.
يېڭى ئاخشلار ئېيتىلار يەنە
ئارچا ئايلىنىپ قايناپدۇ ئۇسسۇل.

ئېپەك قاردىن تون كىيدى باغ-ۋاران،
كەتتى بۇلۇتلار ھەر يان سۈرۈلۈپ.
ئاسمان تاقاپتۇ يۇلتۇزدىن ماجان،
يورۇپ كەلمەكتە تاڭمۇ سۈزۈلۈپ.

بۇ تاڭ ئاچىدۇ ئالتۇن بىر تارىخ،
زامانىمىزنى يازار مەدھىيلەپ.
بۇ ژىل بولغۇسى يەنىمۇ پارلاق،
ئۇتۇقلار ئاشار ئەچچە ھەسسىلەپ.



### قىش كۆرۈنۈشلىرى

«قىشنىڭ قىش بولغىنى ياخشى»، دەيدىكەن،
ئاتىلار- ئانىلار ئاتام زاماندىن.
ئەگەردە ياغسا قار قانچىلىك قېلىن،
ئۈمۈت زور كۈزدىكى ئالتۇن خاماندىن.

ئاق قارنى پۈركۈنۈپ ئانا يەر ئۇخلار،
باغرىغا دۆلىتى، كۈچىنى توپلاپ.
قۇياشمۇ ئايلىنىپ ژىراقتىن يوقلار،
دەم ئالسۇن دېگەندەك كېتىدۇ سويلاپ.

ئېتىزلار، ئېدىرلار، ئويمان- چوڭقۇرلار،
تەپ- تەكشى ئاقىرىپ ياتىدۇ كۈلۈپ.
ئاق لىباس كىيىشىپ تاغدا قارغايلار،
بۇلۇتقا قارايدۇ كۆكسىنى كېرىپ.




ئالمۇتا ئائېروپورتىنىڭ
تاشقى كۆرۈنۈشى

# توي- توكۈن قوشاقلىرى

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدە توي- توكۈن قوشاقلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. بۇ قوشاقلاردا ئىككى ياشنىڭ تۇر- مۇشى كۈيلىنىدۇ. توي مەراسىمى قوشاقلىرى خەلقنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجىدىن پەيدا بولۇپ، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا ئوتۇپ كەلمەكتە.

بىز گېزىتخانلىرىمىزغا «يار- يار»، «كۆيوغۇل سالىمى»، «چۈن- چۈن سالاۋات» ئوخشاش توي- توكۈن قوشاقلىرىنى ھا- ۋالە قىلىۋاتىمىز.

## يار- يار

ئاشىق ئوتى ئالەمگە
تارىسىدى، يار- يار!
يۈسۈپ بىلەن زىلەيخا
بولسا ئىدى، يار- يار!

ئاشىقلىقنى ئۇلاردىن
سورىسا ئىدى، يار- يار!
ھۆر قىزلىرى بېيىشتا
چاك- چاك ئەتتى يار، يار!

* * *

چاچراپ ئوتكەن جەرەننى
سەككىز دەڭلار، يار، يار!
سەككىز قىزنىڭ بىرىنى
سىڭلىم دەڭلار يار، يار!

قىزلارمىغۇ خىرامان،
يارى بىلەن، يار، يار!
قىز ئانىسى ژىغلايدۇ
زارى بىلەن، يار، يار!

* * *

ئەگىم- ئەگىم يوللاردا
قىز كېلەدۇر، يار، يار!
قىزىل توننى پۈركىنىپ
كىم كېلەدۇر، يار، يار!

پۈركەنمە قىز، پۈركەنمە،
تويۇڭ بولدى، يار، يار!
ئالتۇن بىلەن كوشۇگە
تويۇڭ بولدى، يار، يار!

* * *

ژۆك ئاستىدىكى قايچاڭنى
دات بېسىپتۇ، يار، يار!
ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى
غەم بېسىپتۇ، يار، يار!

سىڭلىم، سېنىڭ قىلىغىڭ
مىڭغا يېتەر، يار، يار!
ساچماغىڭنىڭ ساچىسى
يەرگە تېگەر، يار، يار!

* * *

ھاي- ھاي ئويلەن، ھاي ئويلەن،
باشلىدىلار، يار، يار!
گۈلنى ئېلىپ چەكمەنگە
تاشلىدىلار، يار، يار!

## كۆيوغۇل سالىمى

**ژىگىتلەر:**
ـ ئەسسالام ئەلەيكۇم،
كۆيوغول سالام بەردى.
مۇرات- مەخسەت ھاسىل
بولغاي!
**قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى:**
ئىنشا ئاللا،
مۇبارەك بولغاي،
تويۇڭلار ئوي بولغاي!
مۇرادىڭلار ھاسىل بولغاي!
**ژىگىتلەر:**
ـ ئەسسالام ئەلەيكۇم،
كۆيوغول سالام بەردى.
**قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى:**
ئىنشا ئاللا،
ئېيتقىنىڭلاردەك بولغاي.
بەش ئوغوللۇق،
ئىككى قىزلىق بولغاي.
**ژىگىتلەر:**
ـ ئەسسالام ئەلەيكۇم،
كۆيوغول سالام بەردى.
**قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى:**
ـ ئىنشا ئاللا،
توققۇز ئوغوللۇق،
بىر قىزلىق بولغاي.
**ژىگىتلەر:**
ـ ئەسسالام ئەلەيكۇم،
كۆيوغول سالام بەردى.
**قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى:**
ـ ئۇچىڭىز ئۇزارغاي،
توپىڭىز يېيىلغاي،
قىقاس، ژىگىتلەر،
قىقاس، بالىلار!
**ژىگىتلەر:**
ـ ئەسسالام ئەلەيكۇم،
كۆيوغول سالام بەردى.
**قىزنىڭ ئاتا- ئانىسى:**
ئەلەيكۇم ئەسسالام،
لىڭگىلچاق ياخشى جابدۇق-
مەرىكىدە توقۇپ بولماس.
ئۇلىقى بار، قوشقىنى يوق.
قىڭغىراق ياخشى جابدۇق-
مەرىكىدە تۇتۇپ بولماس،
سىپاھى بار، غىلىپى يوق.
قىقاس ،ژىگىتلەر،
قىقاس، بالىلار!
كۆيوغول ئوغۇل بولماس،
كويوغولنى ئوغول دېسە،
كوڭلى خۇش بولۇر.
كۆل تام بولماس،
كۆل تام بولسا،
تۆۋى بوش بولۇر.
قىقاس، ژىگىتلەر،
قىقاس، بالىلار!

## چۈن- چۈن سالاۋات

چۈن- چۈن سالاۋات
بەر مۇھەممەت،
ھەر كىشى ئوزلەر،
ئىشكنى كوزلەر،
سۇرۇڭغا ئاغچىلار،
ئوينىڭىزلەر، كۈلىڭىزلەر.
ئاڭلاڭلار- ئاڭلاڭلار:
مەن ئوزەم بىر باتۇر ئىدىم،
تاغدا كىيىك ئاتۇر ئىدىم.
قالپىغىمنى قىردا قويۇپ،
يېنى يوق قوڭغۇزنى
يانغا تارتماي مىنەر ئىدىم.
ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدىن
تورەلمىگەن توشقان چىقتى،
پۈتمىغان چوماق بىلەن بىرىنى
قويسام،
كولمىغان ئورىغا چۈشتى.
ئالتە كىشىگە باستۇردۇم،
يەتتە كىشىگە سويدۇردۇم،
ئالتە پاتمان يېغى چىقتى،
يەتتە پاتمان چاۋىسى،
قىشتىن بىرى يەۋاتىمىز،
ھېلىمۇ بار يامىسى.
بۇ توشقاننىڭ ئوپكىسىنى،
چاقىردىم ئوپكىسىگە كوپ
كىشىنى.
بۇ توشقاننىڭ باش تېرىسى،

ئىككى داپ، بىر دۇمباق
بولدى،
دۇمباقنىڭ يوغانلىغى،
كورۈنگەن دوڭدەك بولدى.
توشقاننىڭ تېرىسىنى



ئايرىپ كۈنگە تارتتىم،
كۈندىن ئېلىپ دوڭگە تارتتىم.
پەملىمەستىن كېرىپ قويۇپ،
دۇتخانىدا ئۈچ كۈن ياتتىم.
بۇ كونۇمدە مەسە تىكتىم،
ئاقچىسىنى ئەق بەرسە تىكتىم.

بازارغا ئېلىپ چىقماي،
خېرىدار بولۇپ كەلسە تىكتىم.
ئۇ ئون كىشىلىك مەسە بولدى،
يېرىم كونۇم يەكپاي كەشە
بولدى.
بۇنى ئېلىپ چىقىپ بازارغا
ساتتىم.
بىر ھەپتە سورەپ ژۈرۈپ،
ئاقچىسىنى ئېلىپ چىقتىم.
ئۈچ كۈن ئولتىرىپ ساناپ
باقسام،
بولدى ئاقچام مىسقىلى كام
16 ياماق،
ئەندى ئوزەم ئوچى بولاي
دەيمەن،
كورگەن ئاڭنى ئاتاي دەيمەن،
قېچىپ كەلگەن ئاڭلارنى مەن
ئاتمىسامىمۇ قولۇم بىلەن
تۇتاي دەيمەن.
ئالدى بىلەن بۇغا ئاتتىم،
بۇ بۇغىنى بوغۇپ مۇكۇپ
ئاتتىم،
ئاندىن كېيىن مارال ئاتتىم،
قوغلاپ ژۈرۈپ ئاران ئاتتىم.
مەن شۇنداق باتۇر ئىدىم،
تاغدا كىيىك ئاتۇر ئىدىم.
پايلىماي ئوغا چىقىپ
ئەسكى چاپانغا ئورۇنۇپ ئۈچ
كۈن ياتۇر ئىدىم.

## تېز ئوقۇپ، تېز سوزلەپ

### باق

ئاق پوپۇك،
ئاپپاق پوپۇك،
كوك پوپۇك
كوپ- كوك پوپۇك.

* * *

بىزنىڭ باغدا
پۈپۈل پاختەك.
پۈپۈ كىلمەكچىدى،
پۈپۈ كىلمىسىمۇ،
پۈپۈ كىلمەكچىدى.

* * *

بىزنىڭ باغدا
بىر جۈپ پۈپۈل پاختەك
ژىلدا ئەشۇ چىناردا پۈپۈل
پاختەك
بۇ ژىل نەدە پۈپۈل پاختەك.

* * *

ئەشۇ ئارال،
قايسى ئارال
قارا- ئالا ئارال
قارى قېلىن ئارال.

* * *

مەن قوشناچىم بىلەن
ئۇن تاسقاشماقچىدىم.
تاسقاشمىسامۇ،
تاسقاشماقچىدىم.

* * *

ئاق مەخمەل قالپاق ئاقمۇ،
ئاق مەخمەل پايپاق ئاقمۇ؟

* * *

ئىشت ھاۋشىدى،
كاڭشىدى
ئېگىسى قەۋەت
كاپشىدى.
ئېتمىنى توقۇپ قويدۇم،
ئېتىنى تېپىپ قويدۇم.



**سۈرەتتە:** ئاخشىچى قالامقاس ئوراشېۋا بالىلىرى بىلەن.

### ئادەم ۋە تەبەت

#### قىزىل غاز قەيەردە قىشلايدۇ

ماڭغىشلاق ئېنېرگېتىكا كومبى- ناتىنىڭ ئىللىق سۈيى ھاسىل قىل- غان قارا كول كولىدە ئاققۇش ۋە قىزىل غاز (فىلامىنگو) توپ- لىرى قىشلاشقا قارار قىلدى. س س س ر نىڭ «قىزىل كىتاۋىغا» يېزىلغان تەخمىنەن 25 مىڭ ئاق- قوش ۋە قىزىل غاز ژىلنىڭ سوغ پەسلىنى بۇ يەردە، شېۋچېنكو شەھرىدىن تەخمىنەن ئون كىلو- مېتر جايدا ئوتكەزمەكتە. كول قورۇق دەپ ئېلان قىلىندى.

ماڭغىشلاق كارخانىلىرى چە- قىندى سۇلارنى تازلاش مەسىلە- سىنى ھەل قىلىپ تەبەتكە پايدا كەلتۈرمەكتە. تازلانغان سۇنىڭ ئارتۇق قىسمى ئېتىزلارغا، باغ- لارغا ئەۋەتىلمەكتە. ھازىر شېۋ- چېنكو شەھرىنىڭ ھەر بىر ئاھا- لىسىغا 50 كۋادراتنى مېتر كو- كۈل مەيدان توغرا كېلىدۇ. ھا- ۋانى گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىغى قاپلىدى. شېۋچېنكو شەھرىگە خەلق ئارا ئارختېكتورلار ئىتتى- پاقىنىڭ مۇكاپاتى بېرىلدى.

(تاس س).

تەھرىر ھەيئىتى.

تەھرىراتنىڭ ئادرېسى: 480091، ئالمۇتا شەھرى، فورمانوۋ كوچىسى، 88. تېلېفونلار: 82- 60- 62، 85- 43- 62، 85- 39- 62. گېزىت- ژۇرنال نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى. ئىندېكس 72877

ئەۋلاد گۈرۈپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

1986
ژىل
فېۋرال
№3 (221)
باھاسى
2 تىيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
ئەگىلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976- ژىلى دېكابىردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ.

## قازاقستان كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 16- سيېزى



سۈرەتتە: ئالمۇتا ئوبلۇسى چېلەك ۋە ئۇيغۇر رايونلىرىدىن كەلگەن سيېزد دېلېگاتلىرى (ئوڭدىن سولغا): ۋەلىي يولداشېۋ، ئەزىز غوجامبەردىيېۋ، بېشىر دوغالوۋ، نەسىردىن ۋاھىتوۋ، زىنان يولچىيېۋا.

6- 8- فېۋرال كۈنلىرى ئالمۇتىدا قازاقستان كومپارتىيەسىنىڭ 16- سيېزى بولۇپ ئوتتى. سيېزدا جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ ئون بىرىنچى بەش ژىللىق يەنى 1981- 1985- ژىللار ئارىلىغىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرى خۇلاسىلاندى. يېڭى 12- بەش ژىللىق يەنى 1986- 1990- ژىللارغا ۋە 2000- ژىلغىچە بولغان دەۋرگە بەلگۈلەنگەن ئىختىسادىي- ئىجتىمائىي پىلانلار تەستىقلەندى. پارتىيە پروگراممىسى يېڭى رېداكسىيەسىنىڭ،كپ س س ئۇستاۋىنىڭ لايىھەلىرى ماقۇللاندى. قازاقستان كوممۇنىستلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سەياسىتىنى تولۇق قوللاپ- قۇۋەتلىدى.

قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ يولداش دىنمۇخامېت ئەخمېت ئوغلى قونايېۋ قايتىدىن سايلاندى.

### كاچار كانى ئېچىلدى

قوستاناي- جۇمھۇرىيىتىمىزدىكى ئاشلىق تېرىيدىغان ئاساسلىق ئوبلۇسلارنىڭ بىرى. ئەندى بولسا ئۇ تۆمۈر رودىسى بازىسىغا ئايلاندى. لىساكوۋسك ۋە ساكولوۋساربايى كان بېيىتىش كومبىناتى يېنىدا كاچار كان بېيىتىش كومبىناتى قەد كوتەردى. بۇ يەردە يېڭى كان ئېچىلماقتا.

كانچىلار 160 مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى رۇدا قەۋىتىگە يېتىش ئۈچۈن 130 مىللىون كۇبا مېتر توپا چىقاردى. بۇ ئىشقا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇرغۇنلىغان ژىرىك سانائەت كارخانىلىرى ياردەمگە كەلدى. يېڭى كان ئېچىلغاندا ھەر ژىلى 3 مىللىون توننا ژۇقۇرى سۈپەتلىك مىتاللۇرگىيە خام ئەشياسىنى بېرىدۇ. كاچار كومبىناتىدا ئون ئىككىنچى بەش ژىللىقنىڭ ئاخىرىدا ھەر ژىلى 10 مىللىون توننا تۆمۈرگە باي رۇدا تەييارلىنىدۇ.

### مول ھوسۇل كاپالىتى

چىمكەنت ئوبلۇسىدىكى «قاپلانبېك» سوۋخوز- زاۋۇدىنىڭ ئەمگەكچىلىرى ئون بىرىنچى بەش ژىللىق پىلانىنى 114،8، مېۋە- چېۋە پىلانىنى 131،5 پروتسېنت بەجەردى. بۇ كۈنلەردە ئېگىلىك باغۋەنلىرى ژۇقۇرى كورسەتكۈچ بويىچە جىددىي ئىشلىمەكتە.

ھازىر بۇ يەردە تېرىقچىلىق ئىشلىرى پىلانلىق بەجىرىلمەكتە. باغۋەنلەر مېۋىلىك دەرەقلەرنىڭ شاخلىرىنى پۇتاپ، ئۇلارغا مىنېراللىق ئوغۇتلار بېرىپ،سۇغىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

## مەريەم سيېزغا كەلدى

سوۋېت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە تۇغۇلۇپ، ئوسۇپ ئوزلىرىنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىغا يەتكەن قازاق قىزلىرى ناھايىتى جىق. تالدىقورغان ئوبلۇسى، كېربۇلاق رايونىدىكى «ئارقارلى» سوۋخوزىنىڭ ئاتاقلىق چوپانى، سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى، يېقىندىلا ئالمۇتىدا بولۇپ ئوتكەن قازاقستان كومپارتىيەسى 16- سيېزىنىڭ دېلېگاتى مەريەم ئايابايېۋا ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

بىز بۇ بەختىيار قىزنى ئوتكەن ژىلى ئۇنىڭ ئالاتاۋ باغرىدىكى يايلاقتا جاراڭلىق ناخشا ياڭرىتىپ، مال بېقىپ ژۇرگەندە كورگەن ئېدۇق. ئۇ ناخشىسىدا گوزەل ژۇتىنى كۈيلەيتتى.

ئاتاقلىق چوپانغا ئوتكەن ژىلى يانۋار ئېيىدا سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى ئاتىغى بېرىلگەندە مۇنداق دېگەن ئېدى:

—«ئەر ئېلىدا، دەرەق جايىدا كوكرەر»، دېگەندەك مەنمۇ ئوز بەختىمنى ئوزەمنىڭ ئانا ژۇتۇمدا تاپتىم. «ئارقارلىم مېنى ئەللەيلەپ ئوستۇرگەن ئالتۇن بوشۇگىم». شۇ جايدا ئويلۇك- ئوچاقلىق بولدۇم.

1956- ژىلى ئىككى ياش- قىزايباي بىلەن مەريەم ئائىلە قۇرغاندىن كېيىن ئۇلار بىر ئوتار قوي ئالدى. مانا شۇندىن بېرى ئوتتۇز ژىل ۋاقىت ئوتتى. بۇ جەرياندا ئايابايېۋلار ئوتارىدا مىڭلىغان قويلار قوزىلاپ، خەلىق پاراۋەنلىگىگە ھەسسە قوشۇلدى.

چوڭ چوپان مەريەم ئايابايېۋا ئونىنچى بەش ژىللىقتا زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. كۈتۈمىدىكى ھەر يۈز ساغلىقتىن ژىلىغا 179 قوزا ئوستەردى. جۇمھۇرىيىتىمىزدە داڭلىق بۇ چوپانىنىڭ 11- بەش ژىللىق ئەمگەك



مەريەم ئايابايېۋا.

نەتىجىلىرىمۇ ژۇقۇرى. بۇ ژىللىرى جۇمھۇرىيەتلىك مۇسابىقىلاردا غالىپ چىقتى. بۇ ئەر- ئايال چوپانلار ئىككى بەش ژىللىقتا نەتىجىلىك ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ئىش ھەققىگە قوشۇمچە 22 مىڭ 500 سوم ئالدى.

چوپانلار بەختىلىك، خوشال- خورام ھايات كەچۈرىدۇ. «ئارقارلى» قىستاۋىدىكى ئۇلارنىڭ ئالتە بولمىلىك ئويى تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق جېھازلار بىلەن تولغان. ھويلىسىدا «ۋولگا» بىلەن «موسكۋىچ» ماشىنىلىرىمۇ تۇرۇپتۇ.

بىز يېقىندا مەريەمنىڭ قىشلىق ئوتارىدا بولۇپ، مال بېقىش، كۈتۈش، قوزا ئوستۇرۇش تەجرىبىلىرى بىلەن تونۇشتۇق. چوڭ چوپان مەريەم ئوتتۇرا مەكتەپنى سىرتتىن ئوقۇپ، مال دوختۇرلۇق تېخنىكۇمىنى تاماملىغان. ئۇنىڭ جۇمھۇرىيەتلىك «قاينار» نەشرىياتىدىن «ئارقارلىم- بەخت ماكانىم» دېگەن كىتاۋى نەشر قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كىتاپ جاۋىنىدە رۇس، قازاق تىللىرىدا نەشر قىلىنغان «مەن ئوتكەن يوللار» ناملىق كىتاۋىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. ئەنە شۇنداق ماتانەتلىك ئەمگىگى ئۈچۈن مەريەمگە س س س ر دولەت مۇكاپىتى لائۇرياتى بېرىلدى.

ھازىر مەريەمنىڭ نامى جۇمھۇرىيىتىمىزدە شۇنداقلا ئىتتىپاق دائىرىسىدىمۇ تونۇش. ئۇ موسكۋادىكى، ئالمۇتىدىكى چوڭ ژىغىنلارغا قاتنىشىپ بۈگۈنكى قازاق قىزلىرىنىڭ ئەتراپلىق يېتىشكەن، زامان تەلىۋىگە لايىق ئېكەنلىگىنى نامايىش قىلماقتا. مەسىلەن، مەريەم ئايابايېۋا مىسىر ۋە باشقا چەت مەملىكەتلەردە بولۇپ، قاھىرە، لوكسور، ئاسۋان شەھەرلىرىدىكى ئۇچرىشىشلاردا سوھبەتلەرگە قاتنىشىپ، ئوز ئويلىرى بىلەن ئورتاقلاشقاندا مىسىرلىق بىر ئاددىي ئىشچى مەريەمنىڭ يۇمشاق قوللىرىنى كورۇپ، ئورۇنلۇق، مەزمۇنلۇق سوزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ: «مادام، سىز قويچىغا ئوخشىمايدىكەنسىز» دېگەن ئېكەن.

بىزنىڭ ئېلىمىزدا سوۋېت ئاياللىرىنىڭ، ئاددىي ئەمگەك ئادىمىنىڭ قەدىر قىممىتى ئەنە شۇنداق ژۇقۇرىدۇر.

س. ئاقتايېۋ.

1987
ژىل
يانۋار
№2 (244)

باھاسى
2 تيىن

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيتىنىڭ
گېزىتى

گېزىت 1976ـ ژىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.

ئائىلە ـ تېچلىق

## ئاسمىنىمىز ئوچۇق بولسۇن

بارلىق ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئەڭ ئالىي تىلىكى ـ بالىلار بەختى. ئۇلارنىڭ چېھرىسىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن يەر يۈزىدە مۇستەھكەم تېچلىق بولۇشى، تېچلىق تۇغىنىڭ قورغىنى بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغ ئوكتەبىر، ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى جەسۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىلىرى بۈگۈنكى ئەۋلاتقا ھېمىشەم ئۈلگە بولىدۇ.

بىز ئۆمرىمىزدە كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى كۆرگەن، ئۇرۇش ژىللىرىنىڭ ئازاپلىرىنى، ئېغىر ـ چىلىقلىرىنى تارتقان ئادەملەر، شۇڭلاشقا قارىماستىن ئۇزاق ژىللار مابەينىدە ئەمگەك قىلىپ، بالا تەربىيەلەپ كەلدۇق. ئۇلار ئوسۇپ، ھەققىي ئىنسان ئاتالسا، ھالال ئەمگەك قىلىپ، ئابروي قازانسا دەپ ئارمان قىلدۇق. مىڭ شۈكرى، زامانىمىز ياخشى، باياشايەت زامان. موشۇ تېچلىق مەڭگۈ ياشىسۇن!

ئائىلە ـ كىچىك دولەت، دەيمىز. بىزنىڭ ئائىلىمىزمۇ ئېلىمىزنى گۈللەندۈرۈشكە ئوز ھەسسىسىنى قوشۇپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بەختلىكمىز. يولدىشىم مۇرات ئىككىمىز كوپ ژىللار جەريانىدا! مال باقتۇق، ھازىر قىرلىق گەشتىنى سۈرۈۋاتىمىز. ئون پەرزەنتىمىز ھايات يولىغا قەدەم قويدى. چوڭ بالىمىز بېكتۇر ئىشلەپ چىقىرىشتا ئۇستا بولۇپ ئىشلەيدۇ. يېقىندا پەرزەنتلىك بولدى. ئوتكەن ژىلنىڭ بىزنىڭ ئەۋلات ئۈچۈن ئەستە قالارلىق خوشاللىقلىرىنىڭ بىرسى موشۇ بولدى. بالدىرغان، جۇلدىز، سەمىت ئالىي ئوقۇش ئورۇنلىرىنى تاماملاپ، ھازىر خەلق ئېگىلىگىنىڭ تۈرلۈك ساھالىرىدا جاۋاپكەرلىك خىزمەتلەردە ئىشلەۋاتىدۇ. كوپتۇر ـ ئاۋتوبۇس ھايدىغۇچى، ئالتۇنگۈل بىلەن نۇرىنگۈل ـ ستۇدېنت، ئىككى كىچىك پەرزەنتلىرىمىز ـ ژۇقۇرى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى. پارتىيەمىز بىلەن ھوكۈمىتىمىز بىزنىڭ ياخشى ياشاپ، باللىرىمىزنىڭ بىلىم ئېلىشىغا ھەممە شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى. بىزنىڭ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەختلىك، خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن تېچلىق كېرەك، ئاسمىنىمىزنىڭ ھېمىشەم ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

ئو. شالقارباييېۋا،
«قەھرىمان ئانا».
يېرالىيېۋ رايونى،
ماڭغىشلاق ئوبلۇسى.



بۇ كۈنلەردە ئېلىمىز مەكتەپلىرىدە ئوقۇش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن ئىسلاھات ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا. بولۇپمۇ باللارنى 6 يېشىدا مەكتەپ قوبۇل قىلىش ياخشى يولغا قويۇلدى. يەنە ئۇنىڭ دەسلەپكى نەتىجىلىرى بۇ ئىسلاھاتنىڭ قولايلىق ئېكەنلىگىنى ئىسپاتلىماقتا.

سۈرەتتە: نىكولسك شەھىرىدىكى 27 ـ مەكتەپنىڭ بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇزىكا دەرىسى ئۈستىدە. مۇزىكىدىن مول خەۋەردار مۇتەخەسسىس مۇئەللىم راۋشان بايزاقوۋا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ يېقىن غەمخورچىسى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا مۇزىكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈگىتىدۇ.

## يېڭى ژىلدا يېڭى ئىشلار كۈتمەكتە

بىيىل مىنىڭ ۋە خىزمەتداشلىرىمىنىڭ ئالدىدا چوڭ ۋەزىپىلەر تۇرماقتا. مەكتەپلەرگە، ئالىي ۋە مەخسۇس بىلىم يۇرتلىرىغا بېغىشلاپ دەرسلىكلەر يېزىش ھەر خىل لۇغەتلەر تۈزۈش، تىلىنىڭ تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ساھالىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئايرىم مونوگرافىيەلىك ئەمگەكلەرنى يېزىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ دەۋىر روھىغا مۇۋاپىق داۋامىنى تېپىشى سوزسىز. بىيىل ئېكسپېدىتسىيە سەپىرى ئارقىلىق خەلق تىلىنىڭ بايلىغىنى ژىغىپ، ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىشنى مەخسەت قىلغان، ئوزەم باشقۇرۇۋاتقان دىالېكتولوگىيە بولۇمىنىڭ خادىملىرى بىلەن بىرلىشىپ، ئۈچ توملۇق دىالېكتولوگىيە لۇغىتىنىڭ بىرىنچى تومىنى تاماملاشنى مولجالاۋاتىمىز. موڭغۇلىستان پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن موڭغۇلىيەدىكى بايان ئولگېي قازاقلىرىنىڭ لۇغەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈدىغان بىر توملۇق لۇغەت تۈزۈش ئىشىمۇ ئالدىمىزدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. بىيىل شۇنداقلا، جامائەتچىلىك ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈۋاتقان قازاقچە ـ رۇسچە لۇغەتنى تۈزۈشكە، 1987 ـ ژىلدىن باشلاپ يېۋروپا دائىرىسىدە ياسىلىدىغان لىنگۋىستىكىلىق ئاتلاس خىزمىتىگە ئىشتىراك قىلىمەن.

شورا ساربايېۋ،
قازاقىستان س.س.ر پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇخبىر ئەزاسى.

## مۇكاپاتقا ئېرىشكەن يازغۇچىلار



سەكېن جۇنسوۋ



مورىس سىماشكو



ئەبىش كېكىلباييېۋ



ئورالخان بوكېيېۋ

يېڭى ژىل ھارپىسىدا قازاقىستاننىڭ بىر تۈركۈم يازغۇچىلىرىغا 1986 ـ ژىلقى قازاقىستان س.س.ر دولەت مۇكاپاتلىرى بېرىلدى.

ئاباي نامىدىكى مۇكاپات «بىز تەرەپتە قىش ئۇزاق» پوۋېستلار توپلىمى ئۈچۈن ئورالخان بوكېيېۋكە؛ «نوكەر» يەنە «تاڭ سەھەر» روماتلىرى ئۈچۈن ئەبىش كېكىلباييېۋقا؛ ئى. ئېسېنبېرلىن ۋە غ. مۇسرېپوۋنىڭ روماتلىرىنى رۇس تىلىغا چېۋەرلىك بىلەن تەرجىمە قىلغانلىغى ئۈچۈن مورىس سىماشكوغا بېرىلدى.

ئورالخان بوكېيېۋنىڭ «بىز تەرەپتە قىش ئۇزاق» ناملىق توپلامىغا يازغۇچىنىڭ كېيىنكى ژىللىرى يازغان ۋە دۇنيا خەلقلىرىنىڭ كۆپلىگەن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ئالتائىما ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن.

يازغۇچى ئەبىش كېكىلباييېۋ كىتاپخانلارغا كەڭ تونۇلغان ئەدىپ. ئۇ «نوكەر»، «تاڭ سەھەر» روماتلىرىدا ئوز خەلقىنىڭ ئوتمۇش تارىخىدىن ئۇنتۇلۇپ قالغان، يوقالغان سەھىپىلەرنى تولۇقلاپ، ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان.

شۇنىڭدەك كۆلەش بايسېيىتوۋا نامىدىكى مۇكاپات قاراغاندا دراما تېاترىدا «ئارا ئاي» سپېكتاكلىنى سەھنىلەشتۈرگۈچىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئاۋتورى سەكېن جۇنسوۋقا؛ قازاقفىلىم كىنو ستۇدىيەسىدە تورت سېرىيەلىك «چوقان ۋەلىخانوۋ» كىنوفىلىمنى چۈشەرگۈچىلەرگە بېرىلدى.

1987
ژىل
ئاپرېل
№8(250)
باھاسى
2 تيين

ياشىسۇن ئازاتلىق، دوستلۇق ۋەتىنى
تەڭلىككە يول ئاچقان سوۋېتلەر ئېلى!

# بىزنىڭ ۋەتەن

گېزىت 1976- ژىلى دېكابىردىن چىقىۋاتىدۇ.

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار
بىلەن مەدەنىي ئالاقە باغلاش
قازاق «ۋەتەن» جەمىيىتىنىڭ
گېزىتى

## 22- ئاپرېل ۋ. ئى. لېنىننىڭ تۇغۇلغان كۈنى



سۈرەتتە: ۋ. ئى. لېنىن.

ئۇچقۇن

## لېنىن

يەر دېدى:
— كۆلدۈم مەن پاتماي قىنىمغا،
ئالەمگە بىر ئوغلان كۆز ئاچقان كۈنى.
يۇلتۇزىن ئاختۇرۇپ دانا مۇنەججىم،
باھارنىڭ قۇياشى نۇر چاچقان كۈنى.
كۆلدۈم مەن، قوشۇلۇپ كۈلدى ھەممە
جان،
تۇغۇلدى بىر بوۋاق ۋولگا بويىدا.
ۋولودە دەپ سويۇپ، ئانىسى قۇچقان،
ۋولگىدەك پاك ئارزۇ باردى ئويىدا.
ھېچ كىشى بىلمەيتتى، كىم بولار كودەك،
پەقەتلا ئانىنىڭ ئارمىنى چەكسىز.
ئاسىرىدۇق پەرزەنتنى بۈيۈك سويگۈدەك،
ئانىلار ئانىسى ئۇزەم ئىككىمىز.
ئاڭلاڭلار شۇ كۈنى تۇغۇلدى لېنىن-
يۈزلەپ ئەسىرلەرگە يەگانە پەرزەنت.
مىڭلاپ دانىشمەننى كورگەنمەن، لېكىن-
شۇ كۈنى باشقىچە كۈلگەنمەن پەقەت.
ھېچ كىشى بوۋاقىا ئاچمىغاندى پال،
ھەم ئۇنىڭ بەختىنى كورمىگەن سىناپ.
بۇ قېرى ھەسرەتلىك تارىخ، ئېھتىمال،
ئۇنىڭدا بەختىنى سىناتتى شۇ تاپ.

باھاردا ئالەمگە كەلدى ئېڭراپ،
باھار ئاخشىسىغا زوقلىنىپ ئوستى.
باھار ھىسى بىلەن ئەتراپقا قاراپ،
ئۇلغىيىپ، زىمىستان يولىنى توستى.
دۇنيا سىلجىپ بارار مۇكەممەللىككە،
ئادەم ئاچار تىنىماي ئۇنىڭ سىرىنى.
مىڭلاپ ئەللامىغا تەڭ بولۇپ يەككە،
لېنىن تولۇقلىدى كەمتۈك يېرىنى.
لېنىن قوزغىلاڭغا چەككەندە ئىمزا،
ھەر بىر دەقىقىنى قىلغاندا ھېساپ،
ھوكۇم قىلىنغاندا زۇلمەتكە جازا،
ئاۋرورا تىلىدىن چىقاردى خىتاپ.
بۇ خىتاپ ياڭرايدۇ ھازىرمۇ مەغرۇر،
ئۇزاق كېلەچەككە يېتەر ساداسى.
ئۇنىڭدا ماركسىنىڭ پىكرى كورۇنەر،
ئۇ بەخت بېشىدۇر زۇلمەت ئاداسى.
بۇ خىسلەت ياڭرايدۇ قىتئەلەر ئارا،
جاھالەت، تەڭسىزلىك گېلىنى بوغۇپ.
شۇ خىتاپ ئوۋجىدىن قېرى ئازىيە
ياشارغاندەك بولدى قايتا تۇغۇلۇپ.
ئەللەرنى ئايرىدى ئارىلىق- مۇساپە،
ئادەملەرنى ۋاقىت ئايرىيدۇ پات- پات.
ۋاقىت، مۇساپىغا قارشى يېگانە
كۈچ بولۇپ تورەلدى ئىشەنچ، ئېتىقات.
لېنىندىن ئېتىقات زامانىمىزدا،
سەييارە كوكىدە تۇغ بولغان ئىنسان.
سسسرنىڭ ھەر بىر بەخت خانىسىدا
لېنىن ساخاۋىتى، يولى ئامايەن.

## ئاۋستريەدىكى سسسر كۈنلىرى

ئاۋستريەدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كۈنلىرىنىڭ قانداق ئوتۇدىغانلىغى توغرىلىق چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىي ۋە دوستلۇق ئالاقە باغلاش قازاقستان جەمىيىتى مۇخبىرىمىزغا مونۇلارنى ئېيتىپ بەردى.

پروگراما بويىچە 15- ماي كۈنى سسسر كۈنلىرى ئاۋستريەنىڭ ۋولكېرسدورف سارىيىدا ئېچىلدى. ئۇنىڭدا قازاقستان سسرنىڭ قول سانائەت، گرافىكا، كىتاپ، باللار سۈرەتلىرى، ئەمەلىي سەنئەت كورگەزمىلىرى ئويۇشتۇرۇلدى.

ئاۋستريەگە قازاقستاندىن بارىدىغانلار تەركىۋىدە قازاقستان سسر خەلق ئارتىسى زاۋىر رايباييېۋ باشلىغان سەنئەت چېۋەرلىرىنىڭ چوڭ گرۇپپىسى بار. ئۇلار بۇ كۈنلەردە پۈتكۈل سوۋېت خەلقى ئۇلۇق ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ 70ژىللىغىنى نىشانلاشقا ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق قىلماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن موشۇ ژىلى 14- 22- ماي كۈنلىرى ئاۋستريەدە ئوتۇدىغان سسسر كۈنلىرىگە سوۋېت ئىتتىپاقى نامىدىن قازاقستان قاتنىشىدۇ.

ئىككىگە بولۇنۇپ، ئاۋستريەنىڭ ۋېنا ۋولكېرسدورف، زالتسبۇرگ، ئېيېنزېيە (راتۇشا) شتايرېگگ، شترېيۋ، گورسشۋايبارد، ترول، ترول- ئاتتېرس، فورارلبېرگ، بۇرگېنلاند شەھەرلىرى بىلەن ئولكىلىرىدە كونسېرتلار بېرىدۇ.

سەنئەت ماھىرلىرىنىڭ چوڭ گرۇپپىسى تەركىۋىدە سسسر خەلق ئارتىسى ئەلىبېك دىنشېۋ، قازاقستان سسر خەلق ئارتىستى خورلان قالىلانبېكوۋا، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىسى قايرات بايبوسىنوۋ، «گۈلدېر» ئانسامبلىنىڭ ناخشىچىسى قالامپىر راخموۋا قاتارلىقلار بار. كىچىك گرۇپپا تەركىۋىدە قازاقستان سسرنىڭ خىزمەت كورسەتكەن ئارتىسى ئەسكېربېك ئېگكىباييېۋ، ياش ناخشىچى نۇرجامال ئۇسەنباييېۋا بولىدۇ.

ھەر بىر ئۇچرىشىشتا سوۋېت قازاقستانىنىڭ ئىجتىمائىي- ئىختىسادىي، مەدەنىي جەھەتتىن قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپپەقىيەتلىرى توغرىلىق لېكسىيەلەر ئوقۇلىدۇ، كىنو فىلىملار كورسىتىلىدۇ.



14-22 ماي ئارىلىغىدا ئاۋستريەدە ئوتىدىغان سسسر كۈنلىرى- قازاقستان سەنئەتچىلىرى ئۈچۈن بەيرەم كۈنلىرى بولغۇسى.

سۈرەتتە: ئاۋستريەدە ئوتىدىغان سسسر كۈنلىرىگە قاتنىشىدىغان ناخشا- ئۇسسۇل ئانسامبلىنىڭ بىر گرۇھ ئۇسسۇلچىلىرى.

### يېزا يېڭىلىقلىرى

**چىمكەنت.** «سوزاق» ۋە «قۇەكەنت» سوۋخوزلىرىنىڭ ئېتىزلىرىدىن ئاخىرقى تېرىلغۇ ئاگرېگاتلىرى كەتتى. ئوبلۇس ئېگىلىكلىرى باشاقلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇسىنى ئاياقلاشتۇردى، 400 مىڭ گېكتاردىن ئوشۇق مەيداندا باشاقلىق زىرائەتلەر تېرىلدى. بۇغداي بىلەن ئارپا ئاختاما، ئىلگىرى بېدە تېرىلىپ، ئاندىن ھايدالغان يەرلەرگە تېرىلدى. ئاساسىي ئوزۇق- تۈلۈك زىرائىتى ئىنتېنسىۋ تېخنولوگىيە بويىچە ئوستۇرۇلمەكتە.

**سېلىنوگراد.** «زارېچنىي» سوۋخوزى ياڭيۇ ۋە كوكتات ئېتىزلىرىنىڭ ئونۇمدارلىغىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەشمەكتە. ئېتىزلارغا 60 مىڭ تونىنا ئوغۇت توكۈلدى. ترا كتورىستلار سېرگېي سېمېنوۋ، ئالېكساندىر بوسس ۋە باشقىلار ھەر بىرى مىڭ توننىدىن ئوشۇق يەرلىك ئوغۇت توشۇدى.

ئوبلۇستا بىر ملليون توننىدىن ئوشۇق ئورگانىكلىق ئوغۇت كوكتات زىرائەتلىرى، ياڭيۇ، كومۇقوناق تېرىلىدىغان ئېتىزلارغا توشۇلدى.

(قازتاگ).

